# شىنجاڭ ئىجتىمائى
# پەنلەر مۇنبىرى

1990.4

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر: جاۋ سىك (ئىقتىساد شۇناس)

مۇئاۋىن مۇدىر: جاڭ خۇگچاۋ (كاندىدات تەتقىقاتچى)
ئىسلامجان شېرىپ (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ھەيئەت ئەزالىرى: مەمتىمىن يۈسۈپ (تەتقىقاتچى)
خۇ زۇگيۇەن (كاندىدات تەتقىقاتچى)
مۆمىن ئابدۇللا (كاندىدات تەتقىقاتچى)
گو پىڭلىياڭ (تەتقىقاتچى)
ۋاھاپ خېۋىر (پروفېسور)
سەي سەنجىڭ (پروفېسور)
روزى تۇردى (دوتسېنت)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئىسلامجان شېرىپ

شىنجاڭ ئىجتىمائىي 1990 № 8

پەنلەر مۇنبىرى 4 25 ـ دېكابىر نەشىردىن چىققى

---

# بۇ ساندا

مىللەتلەر ئارا تىل ئۆگىنىش دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى ........ جانابىل 1

تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ـ يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدىكى مۇقەررەرلىك ........
........ «پارتىيە مەكتەپلەر نەزەرىيە مۇنبىرى» تەھرىر بۆلۈمى 3

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىنى
يېڭىباشتىن تونۇيلى ........ باۋشىنجيەن 12

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزمنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدا ........ خۇشياڭدۇڭ 21

«12 مۇقام» سىنىپىيلىكى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك قورالىدۇر ... مەمتىمىن يۈسۈپ 24

ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا خەلقئارالىق
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ........ 43

ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى ........ مۇھەممەت روزىيوپ، نىغمەت 44

لىن زېشۈي شىنجاڭدا ........ سەي جىڭسۇڭ 51

ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ۋە مەغلۇب بولۇشىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا تەھلىل ...
........ ۋاڭ شىلى 71

شىنجاڭ كارىزلىرى توغرىسىدا ........ ئۇيغۇر مۇنۇپ 77

پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن
ئىقتىسادىي مېخانىزمنى بەرپا قىلىش ھەققىدە ........ باھاۋىددىن سابىر 85

شىنجاڭدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى ........ دۇڭ جاۋۇ 90

ئەقلىي قابىلىيەتنى تولۇق يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا ........ ماگوۋيچيۇ 94

دۇنخۇاڭ ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق ........ ئابلەت نۇردۇن 115

بىلىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش ........ ئىسلامجان شېرىپ 118

# مىللەتلەر ئارا تىل ئۆگىنىش دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى

جا نا بىل

قوش تىللىق بولۇش بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل تىلنى تەڭ قوللىنالايدىغان بولۇش دېمەكتۇر. بۇنىڭ بىرى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئانا تىلى، يەنە بىرى، تەرەققىي تاپقانراق يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىدۇر. ئاپتونوم رايونىمىزدا قوش تىل ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

قوش تىل سۈنئىي ھالدا شەكىللىنىدىغان ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇ كۆپ مىللەتلىك رايوننىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەيدا بولىدۇ، مىللەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ نۆۋەتتە، كۆپ مىللەتلىك رايونلارنىڭ تىل ئىستېمالى جەھەتتە بىر خىل مۇقەررەر يۈزلىنىش بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي تۇرمۇش، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئالاقىلىرىدە، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىپ كەلگەن، ئۇزاقتىن بۇيان قوش تىل ئىشلىتىلىپ كەلگەن. قەدىمكى كارۋان يولىدا گۈللەنگەن مەدەنىيەت تارىخى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىل خىزمىتىدە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىشىمۇ يېڭى كەيپىياتقا ئايلاندى. قوش تىللىق بولۇش ھەممىلا يەردە ھۆرمەت ۋە مەدەتكە ئىگە بولدى. ئاز سانلىق مىللەت تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان قوش تىللىق خادىملار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە تايانچلىق رول ئويناپ كەلمەكتە.

ھازىرقى دەۋر ئۇچۇر دەۋرىدۇر، ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردۇر، پەن - تېخنىكا كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان دەۋردۇر. تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەر قايىنىمىدا كېتىۋاتقان ئەزىم دۇنيا ئالدىدا، ھەر قانداق مىللەت ئۆز ئانا تىلىنى تولۇق قوللىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگەنسە ۋە قوللانسا، باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇچۇرلارنى چۈشەنسە ۋە ئىگىلىسە، باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىلغار شەيئىلەرنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلسا، ئاندىن تېخىمۇ روناق تاپالايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەر ئارا تىل

ئۆگىنىش ـ دەۋرنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، قۇدرەت تېپىشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

قوش تىللىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن قوش تىللىق بولۇشنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادنى، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردىكى مۇھىم رولىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش لازىم. كىشىلەر شۇنى تونۇپ يەتسۇنكى، قوش تىللىق بولۇش بىر خىل ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، ھەر قانداق مىللەت جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، قوش تىللىق بولۇش يولىدا مېڭىشى، قوش تىللىق بولۇشنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، مەكتەپلەرنىڭ قوش تىللىق تەربىيە خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قوش تىللىق بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كۆپ قاتلاملىق، كۆپ لىنىيىلىك، كۆپ شەكىللىك بولۇشى كېرەك. ھەممە مەكتەپلەر (ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە باشقا تۈرلۈك مەكتەپلەر) قوش تىللىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم بازا. نۆۋەتتە، ئاساسلىقى، قوش تىل ئوقۇتۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قوش تىل ئوقۇتۇشنى ئىشەنچلىك ۋە پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، قوش تىللىق بولۇش نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك. قوش تىل بىر خىل تارىخىي ھادىسە ۋە رېئال مەۋجۇدىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى گىرەلەشتۈرۈش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەھەتلەردە ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە قوش تىللىق بولۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشىمىز، ئۇنى چۈشىنىشىمىز ۋە بۇ ھەقتىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىمىز ئىنتايىن يېتەرسىز بولغانلىقتىن، تەكشۈرۈش- تەتقىق قىلىش ئاساسىدا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قوش تىللىق بولۇش ھەققىدە سىياسەت بەلگىلىشىگە ئىشەنچلىك ئاساس ھازىرلاپ بېرەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىل خىزمەتچىلىرى، تەشۋىقات، مائارىپ ئورۇنلىرى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، قوش تىللىق بولۇش جەھەتتىكى ھازىرقى قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ داشۆدىن چىن شۇشۇن، نى دېيۈەن، ليۇتۇڭدې قاتارلىق يولداشلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئالىمى ھەسەنوۋنىڭ «قوش تىلشۇناسلىق» دېگەن ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ، سوۋېت قازاقىستاننىڭ قوش تىللىق بولۇش جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە تەتقىقات ئەھۋالىنى كىتابخانلار ھوزۇرىغا سۇندى، ئۇلار ناھايىتى جاپا چەككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىلغىنى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى. مەن بىر كىتابخان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تىل خىزمەتچىلىرى، مائارىپ خىزمەتچىلىرىدىن،

# تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدىكى مۇقەررەرلىك

**— «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن**

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئۇلۇغ ئەسىرى 1940 - يىلى 1 - ئايدا ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە توپتوغرا يېرىم ئەسىر ئۆتتى.

«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسەردە ئېلىمىزنىڭ 1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن 1940 - يىلىغىچە بولغان 100 يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئىنقىلاب تەجرىبىلىرى، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان 20 يىللىق يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن. جۇڭگو تارىخى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى چوڭقۇر شەرھلەنگەن. بۇنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدىكى مۇقەررەرلىك دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدىن ئالغاندا، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىزمدىن ئالىقاچان سوتسىيالىزمغا كىرىپ بولدى. لېكىن، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنغان ئاساسىي ئىدىيە يەنىلا غايەت زور رېئال يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

## جۇڭگونىڭ دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا مېڭىشىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى

«جۇڭگو نەگە بارىدۇ؟» — دۆلەت، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ مەسىلە «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنىڭ بېشىدىلا كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يولداش ماۋزېدۇڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جۇڭگودا بۇرژۇئا دىكتاتۇرىلىقىدىكى كاپىتالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل تەشەببۇسىغا قارىتا، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ

---

قوش تىللىق بولۇشقا ئىرادە باغلىغان يولداشلاردىن بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇشىنى، ئۇنىڭدىن بەزى كېرەكلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشىنى، ئۆرنەك ئېلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. تېخىمۇ كۆپ يولداشلارنىڭ قوش تىل ھادىسىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىللىق بولۇش تەتقىقاتى ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن

تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەررەر ھالدا كونا دېموكراتىك ئىنقىلابتىن يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابقا بۇرۇلىدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ مۇقەررەر ھالدا يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن دېموكراتىك جەمئىيەت ئارقىلىق سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى شەرھلەپ بەرگەن. بۇ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تەرەققىياتى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈستىدە چىقىرىلغان قانۇنىيەت خاراكتېرلىك ھۆكۈمدۇر.

«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە جۇڭگونىڭ يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى تارىخىي جەريانىنى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىلىقىدىكى كاپىتالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش يولىغا مېڭىش جۇڭگودا ئاقمايدۇ، دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، جاھانگىرلىك فېئوداللىزم بىلەن ئۆز ئارا بىرلىشىپ، جۇڭگودا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلغان، بولۇپمۇ جاھانگىر تاجاۋۇزچىلار جۇڭگونىڭ مۇستەقىل ھالدا كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مۇتلەق يول قويمىغان. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن ئىدى: «جاھانگىرلىك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان، جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىقىغا قارشى تۇرغان، جۇڭگودا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا قارشى تۇرغان تارىخ — جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى.» 80 يىللىق كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى جۇڭگو تارىخىدىن چىقىرىلغان ئاساسىي خۇلاسە ئەنە شۇ.

ئالاھىدە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جۇڭگو ئۇزاق داۋام قىلغان فېئوداللىق جەمئىيەتنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي تەرتىپى بويىچە تەرەققىي قىلىپ كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئايلانماستىن، بەلكى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. يېقىنقى زاماندا، جۇڭگودا نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئاساستا كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشقا قايتا-قايتا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي نەتىجە كۆرۈلمىگەن. كاپىتالىزم مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، جۇڭگو يەنىلا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ھالىتىدە قېلىۋەرگەن.

جۇڭگودىكى مەسىلە، ئالدى بىلەن، مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئاندىن يەنە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭگو ئىنقىلابى مۇشۇنداق رېئال ئاساس ۋە ئوبيېكتىپ تەلەپنى ئاساس قىلىشى شەرت ئىدى. «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «جۇڭگو ئىنقىلابى ئىككى قەدەمگە بۆلۈنۈشى زۆرۈر. بىرىنچى قەدەمدە، بۇ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئۆزگەرتىلىپ، مۇستەقىل، دېموكراتىك جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، ئىنقىلاب ئالغا راۋاجلاندۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇلىدۇ.» يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى ئەنە شۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللىق جەريانى ئالدىنقى 80

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىل ۋە كېيىنكى 20 يىلدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، ئالدىنقى 80 يىل ۋە كېيىنكى 20 يىل «4 - ماي» ھەرىكىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

«4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئىچكى سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، ئىشچىلار سىنىپى ئويغاندى. «بۇ چاغدا جۇڭگو پرولېتارىياتى ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ۋە روسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا تېزلا ئاڭلىق، مۇستەقىل سىياسىي كۈچكە ئايلاندى.» 1921 - يىلى 7 - ئايدا، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى—جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى تېز ئۆستى ۋە زورايدى. 1940 - يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»نى يازغان چاغدا، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىمال مىلىتارىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش، يەر ئىنقىلابىي ئۇرۇشى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق كۆرەشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلابىي يېڭى ۋەزىيەتنى ياراتقان، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەڭ دېھقانلار ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيە كۈچلىرىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوزغىتىلغان، شۇنداق قىلىپ، جۇڭگودا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى يادرو قىلغان، ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار، باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى ئاساسىي كۈچ قىلغان ئىنقىلابىي بىرلىكسەپ شەكىللەنگەن ئىدى. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى قەتئىي تۈردە سوتسىيالىزم يولىغا ماڭاتتى، جۇڭگونىڭ كەڭ دېھقانلىرىدا ناھايىتى يۇقىرى سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىق بار ئىدى، جۇڭگو زىيالىيلىرى بولسا سوتسىيالىزمغا ئىنتايىن تەلپۈنەتتى. دېموكراتىك ئىنقىلاب ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندا، دۆلىتىمىزدە قۇدرەتلىك سوتسىيالىزم ئامىللىرى مەۋجۇت ئىدى. سىياسىي جەھەتتە، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار سىنىپى ھاكىمىيەتتە رەھبەرلىك ئورۇندا تۇراتتى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، سوتسىيالىزم خاراكتېرىدىكى دۆلەت ئىگىلىكى يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى؛ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە، ماركسىزم ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىنغان ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز پروگراممىسى بويىچە، ئاممىنى ئۆز ۋاقتىدا دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا يېتەكلىدى، بۇ، دۇنيا ئېقىمىغا باپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئويغۇن كېلىدىغان تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن، تارىخ جۇڭگو نەگە باردۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە يەكۈن چىقاردى. لېكىن، جۇڭگو زادى سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرامدۇ ياكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭامدۇ، دېگەن كۈرەش تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىدى. بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولسا، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشنى ھەدەپ تەرغىب قىلىشتى، يەنە كېلىپ مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ

سىياسىي غەرەزىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇپ، تارىخنىي مۇقەررەرلىككە قارشى يول تۇتتى. ئەينى چاغدىكى بۇرژۇئازىيە جاھىللىرىغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ «ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىش ئىستىقبالىغىلا ئىگە بولدى.» دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ؛ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تارىخ يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشلا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

### ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي سىنىپلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىسى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئەڭ باب كېلىدىغان دۆلەت شەكلى

ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، قانداق دۆلەت شەكلىنى قوللىنىش بىر ئىلمىي مەسىلە. «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە «ھەر قايسى ئىنقىلابىي سىنىپلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرلىقىدىكى جۇمھۇرىيەت» دېگەن ئىدىيە ۋە تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم بايان قىلىنغان.

يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ھەر قايسى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر ئىنقىلابلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بولۇشى مۇقەررەر، لېكىن، بۇلار چوڭ ئوخشاشلىقلار ئىچىدىكى كىچىك پەرقلەر. پەقەت مۇستەملىكە ياكى يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىنقىلابلىرىلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن جەزمەن ئوخشاش بولىدۇ، يەنى ئۇلار جاھانگىرلىككە قارشى بىر قانچە سىنىپلار بىرلىشىپ، بىرلىكتە دىكتاتۇرلىق قىلىدىغان يېڭى دېموكراتىك دۆلەت بولىدۇ.» بۇ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىغا ئاساسەن، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ، بولۇپمۇ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ھەم جۇڭگودا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن.

يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكىنى كونكرېت تەھلىل قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: جۇڭگودىكى پرولېتارىيات، دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيە جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي كۈچ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار، مۇقەررەر ھالدا، يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولىدۇ، پرولېتارىيات بولسا رەھبىرىي كۈچ بولىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى ھەر قايسى ئىنقىلابىي سىنىپلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىسى—يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى، بۇ ھاكىمىيەت خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىدۇر.

«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە «خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى» دېگەن ئۇقۇم تېخى قوللىنىلمىغان ئىدى، كېيىن، يولداش ماۋزېدۇڭ ئىنقىلاب تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بايان قىلدى ھەم «خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى» دېگەن ئىلمىي ئۇقۇمنى ئىجاد قىلدى.

خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت دۆلەت شەكلى دۆلىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي سىنىپلار قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى

ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ دۆلەت ھاكىمىيىتى جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداليزمغا قارشى بارلىق سىنىپلار، تەبىقىلەر ۋە سىياسىي كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ ئەڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان دۆلەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگودا بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى ئورنىتىشقا ئۇرۇنغان ئەكسىيەتچىل تەشەببۇسلارغا رەددىيە بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: ھەر قايسى ئىنقىلابىي سىنىپلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق شەكىلدىكى جۇمھۇرىيەت، «بۇلار ئىنقىلابىي جۇڭگو، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جۇڭگو ئورنىتىشى لازىم بولغان ۋە ئورناتماسا زادى بولمايدىغان ئىچكى سىياسىي مۇناسىۋەتلەر، بۇلار بۈگۈنكى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ بىردىنبىر توغرا يۆنىلىشى.» مۇشۇ بىردىنبىر توغرا يۆنىلىش بويىچە قۇرۇلغان خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تۇپتوغرا 40 يىللىق ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ ھەم دۆلىتىمىزدىكى سىنىپلار قۇرۇلمىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەنئەنىلىرىمىزگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، خەلق دېموكراتىيىسىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگودا غەربنىڭ «ئۈچ ھوقۇق تەڭ تۇرىدۇ»غان سىياسىي تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەمەلىيەتتە كەڭ خەلق ئاممىسىنى دېموكراتىيىنىڭ سىرتىدا قالدۇرىدىغان بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولدى. بۇ، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى پۈتۈنلەي بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى ئورنىتىش غەرىزىدە بولۇپ كەلگەن جاھىللار گۇرۇھىغا: سىلەر ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن ئايرىلىدىكەنسىلەر، ئۇ چاغدا، بىر قەدەممۇ ماڭالمايسىلەر، كىمدەكىم ئۇلارنى تېپىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، شۇ كۆكۈم تالقان بولىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. خەلق دۆلەتكە 40 يىل خوجايىن بولغان بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگودا ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنى تېپىپ تاشلاپ، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولۇش تەتۈر يول تۇتقانلىق، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىكى رەھبەرلىك ئورنى تارىختا شەكىللەنگەن

«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: جۇڭگودا ئىش ئىنتايىن چۈشىنىشلىككى، كىم خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىك ۋە فېئوداليزم كۈچلىرىنى ئاغدۇرالىسا، شۇ خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى،

خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم كۈچلىرى بولغانلىقىدىن، بولۇپمۇ جاھانگىرلىك بولغانلىقىدىندۇر. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىغانكى، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمايتتى، بۇ مەسئۇلىيەت پرولېتارىياتنىڭ زىممىسىگە چۈشمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنداقتا، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق قىلىپ تارىخىي يوسۇندا پرولېتارىياتنىڭ زىممىسىگە چۈشتى؟

«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: 1840 - يىلىدىن 1940 - يىلغىچە بولغان 100 يىلنىڭ ئالدىنقى 80 يىلىدا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جۇڭگو ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە بۇرژۇئازىيە (ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى) بولغان ئىدى. ئەينەن ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچلۇق ئىنقىلاب شىنخەي ئىنقىلابىدىن باشلانغان ئىدى. سۇن جۇڭشەن 1894 - يىلى تۇنجى ئىنقىلابىي تەشكىلات — جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتىنى قۇرغان، 1905 - يىلى يەنە جۇڭگو ئىتتىپاق جەمئىيىتىنى قۇرغان، 17 يىللىق كۈرەش ئارقىلىق 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغان ئىدى. لېكىن، بۇ ئىنقىلاب ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولدى. جۇڭگو ئىتتىپاق جەمئىيىتىدىن كېيىن، سۇن جۇڭشەن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ گومىنداڭنى، جۇڭخۇا ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى، جۇڭگو گومىنداڭنى قۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئىدى، لېكىن، ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، چىقىش يولى تاپالمىدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

1921 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قىياپىتى بىردىنلا يېڭىلاندى. «جاھانگىرلىكنى يوقىتىش شۇئارىنى ۋە پۈتۈن جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل پروگراممىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويدى، يەر ئىنقىلابىنى بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزى يالغۇز ئېلىپ باردى.» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 28 يىللىق ئاجايىپ جاپالىق كۈرەشلەر ئارقىلىق ئاخىرى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى رەھبەرلىك ئورنى تارىختا شەكىللەنگەن. دېموكراتىك ئىنقىلاب جەريانىدا، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى بىر مەھەل رەھبەرلىك قىلغان ئىدى دېيىلىدىغان بولسا، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا كوممۇنىستىك پارتىيە بىردىنبىر رەھبەرلىك قىلغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ لۇشيەن، فاڭجېنلارنى تۈزۈپ چىقالايدۇ ۋە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى ئۇنۇملۈك ھالدا ئەمەلگە

www.uyghurkitap.com

ئاشۇرالايدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى، شۇنىڭغا ئوخشاش، كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ بولمايدۇ. بۇ، تارىخنىڭ يەكۈنى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر جۇڭگودا يولغا قويماقچى بولغان غەرب بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىدىكىدەك كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم پەقەت ئىشقا ئاشمايدۇ.

### يېڭى دېموكراتىزممۇ، سوتسىيالىزممۇ ئىلمىي كوممۇنىزم ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى يېتەكچى قىلىدۇ

ئىنقىلابىي ھەرىكەت مۇئەييەن ئىنقىلابىي ئىدىيە ۋە نەزەرىيىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىشى شەرت. يېقىنقى زامان جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدا تەيپىڭ - تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ نەزەرىيىسى بولغان، بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭمۇ نەزەرىيىسى بولغان، لېكىن، بۇ نەزەرىيىلەر جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرەلمىگەن ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كوممۇنىزم ئىدىيىۋى سىستېمىسى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى كۆزىتىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا پۈتۈنلەي يېڭىچە ۋە توغرا يەكۈننى چىقىرالىدى. خۇددى «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە يىغىنچاقلانغاندەك، «جۇڭگو ئىلمىي كوممۇنىزمغا ئىگە بولغاندىن تارتىپ، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، جۇڭگو ئىنقىلابىمۇ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.» يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن ئىدى: «ھازىرقى ۋاقىتتا يېڭى دېموكراتىزم، كەلگۈسىدە سوتسىيالىزم — بۇلار بىر - بىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلانغان ئىككى قىسىم بولۇپ، بۇلارغا بىر پۈتۈن كوممۇنىزم ئىدىيىۋى سىستېمىسى يېتەكچىلىك قىلىدۇ.» دېموكراتىك ئىنقىلابتا ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى قىلغان ئىكەنمىز، سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ ماركسىزم - لېنىنىزمدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشىمىز زۆرۈر، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىنىپلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، قانچە سىنىپ بولسا، شۇنچە مەسلەك بولىدۇ. ھەتتا بىر سىنىپنىڭ تۈرلۈك گۇرۇھلىرى ئىچىدىمۇ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەسلەكلىرى بولىدۇ.» يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە ناھايىتى مۇھىم بىر قائىدىنى سۆزلەپ ئۆتكەن، بۇ قائىدە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھەر قانداق ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى ھامان ساپ بولمايدۇ، بەلكى مۇرەككەپ بولىدۇ. جەمئىيەتتە بۇرۇلۇش ياكى زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، جۈملىدىن نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مەزگىلىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھەقتە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز، ئىدىيىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز ۋە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە كوممۇنىزم توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كېڭەيتىش، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇش تەكىتلەنگەن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ بايانلارنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىش بىزگە ناھايىتى زور ئىلھام بېرىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگىنىمىزدىلا، بۇرژۇئاچە ئەركىن-

لەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا ۋە ھەر خىل خاتا پىكىر ئېقىملىرىغا كۈچلۈك رەددىيە بېرەلەيمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرالايمىز.

«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دە، جۇڭگو نەگە بارىدۇ دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، پەقەت ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچان روھلا مىللىتىمىزنى ئازادلىق يولىغا باشلاپ بارالايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇ ئەسەرنىڭ ئۆزى ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچان روھ بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىق يولىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ تىپىك نەمۇنىسى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز مۇشۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچان روھ بىلەن ئىلگىرىكىلەرنى خۇلاسىلەپ، كېلەچەكنى ئويلىشىمىز كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇشۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچان روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تۆت ئاساسىي پىرىنسىپقا قارشى تۇرۇپ، ئىگىلىكنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى، سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى، «سەرخىل»لار سىياسىسى ۋە كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى بازارغا سالغان ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەردە ئىلمىيلىكنىڭ بولۇشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان ھەرىكەت. بىز ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

«يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دېگەن ئەسەرنى ئۆگىنىش بىزنىڭ تۆت ئاساسىي پىرىنسىپنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا ۋە تۈرلۈك خاتا پىكىر ئېقىملىرىغا تېخىمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىمىزغا، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دا تېخىمۇ ئوبدان چىڭ تۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

«پارتىيە مەكتەپلەر نەزەرىيە مۇنبىرى»دىن.
ھەبىبۇللا غازى تەرجىمىسى

---

(بېشى 23- بەتتە)

بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈك مەنىۋى كۈچىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. جۇڭگودا، سوتسىيالىزم ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزمنىڭ بىردەكلىكى نۇقتىئىنەزەرى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە ۋەتەن ساتقۇچلۇقنى تەنقىد قىلىدىغان ئىدىيىۋى قورال. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان بەزى كىشىلەر جۇڭگونى «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش»، كاپىتالىزم يولىدا مېڭىشنى تەرغىب قىلدى، ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزمنى تاللاش ئۈستىدە ئويلانماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇپ، كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىش مەيدانىنى چىقىش قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈستىدە تۈپتىن ئويلانمىدى، بۇلار سەلبىي جەھەتتىن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھازىرقى جۇڭگو چوڭ قۇرۇلۇقىدا ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك سوتسىيالىزمنى سۆيۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، سوتسىيالىزمسىز ۋەتەنپەرۋەرلىك بولمايدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك سوتسىيالىزمدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ، بۇ ئىككىسى ماھىيەت جەھەتتە بىردەك.

نەبىجان سادىق تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىنى يېڭىباشتىن تونۇيلى

باۋشىنجيەن

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قانداق ئورۇننى تۇتىدۇ؟ بۇ، يالغۇز نەزەرىيە مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىز هازىرقى باسقۇچتا دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي رېئال مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ھەرقايسى ساھەلەردە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىر خىل خاھىش پەيدا بولۇپ قالدى. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنى مەسىلىسىدىكى بۇ تەۋرىنىش ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنىغا ۋە تۈزۈلمىسىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھالبۇكى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنى مەسىلىسىگە سەل قاراش ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇش يەنە كېلىپ ئىدىيە، نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى بىر نەچچە بىر تەرەپلىمە قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنى مەسىلىسىنى يېڭىباشتىن مۇھاكىمە قىلىش مەسىلىسى هازىرقى باسقۇچتىكى ئىدىيە، نەزەرىيە سېپىنى تۈپتىن ياخشىلاشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى.

**1. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى باشقا ئىزم** بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىزم؛ سوتسىيالىستىك ئاڭنىڭ تىكلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتىن ئايرىلالمايدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىدىكىلەر ئۇنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈردى ۋە تەشۋىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

– «كاپىتالىزم دەرسىنى تولۇقلاش» نەزەرىيىسى. بۇ نەزەرىيىنى ياقلىغۇچىلار: دۆلىتىمىزنىڭ هازىرقى باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەب جۇڭگونىڭ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرمىگەنلىكىدىن بولغان، شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا «كاپىتالىزم دەرسىنى تولۇقلاش» زۆرۈر، دەپ قارايدۇ.

– «دېموكراتىك ئىنقىلابنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش» نەزەرىيىسى. بۇ نەزەرىيىنى ياقلىغۇچىلار: دۆلىتىمىزنىڭ هازىرقى باسقۇچىدا تېخى تامامەن تازىلىنىپ بولالمىغان فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرىنى چەكسىز كۆپتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى ناتۇرال ئىگىلىك، يېرىم ناتۇرال ئىگىلىك، سىياسىي ساھەدىكى مۇستەبىتلىك سىياسىتى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى فېئودالىق مەدەنىيەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا

دېموكراتىيىك ئىنقىلابتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل نەزەرىيىدە، ئەمەلىيەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى سوتسىيالىستىك خاراكتېرى ئىنكار قىلىنغان. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ چېكىنىش خاراكتېرلىك تونۇش. ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇنداق چېكىنىش خاراكتېرلىك تونۇش نەزەرىيىۋى ئىزدىنىش ۋە تەشۋىقاتتىن تولىمۇ ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى بازىسىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە سوتسىيالىزم ئىشەنچىسىنىڭ كەڭ دائىرىدە ئاجىزلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق ھادىسىلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىمىزدە نېمىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ؟

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك ئاڭنىڭ ئىگىلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىشەنچىسىنىڭ تىكلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى، ئاساسلىقى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىدا ئىلمىي سوتسىيالىزم ئېڭى ئىستىخىيىلىك ھالدا پەيدا بولمايدۇ، بەلكى سىرتتىن سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، باشقا ئەمگەكچىلەر سىنىپىدا ئىلمىي سوتسىيالىزم ئېڭىنى تىكلەشتە تېخىمۇ ھارماي-تالماي تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ۋە يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيىمىز ياراتقان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ماركسىزملىق نەزەرىيە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئىلھام بېرىپ، مۇقەررەرلىك ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىغا ئۆتۈشتەك سەكرەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تۈپ ۋەزىپىسى كەڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۇنى سىڭدۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزم ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، كىشىلەرنى رېئال ئاساسنى كۆزدە تۇتقان ھالدا سوتسىيالىستىك ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى سىڭدۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئۇزاققىچە، چوڭقۇر ئېلىپ بارىدىغانلا بولساق، كىشىلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرىنى تونۇۋېلىشىغا تۈپتىن كاپالەتلىك قىلالايمىز، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىغا ئىدىيە، جامائەت پىكرى جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلالايمىز.

ئىككىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش - چىڭ تۇرماسلىق مەسىلىسىدە ئۇزاققىچە جىددىي ئىدىيىۋى كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ فېئودالىزمنىڭ قالدۇق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ چىرىتىشىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىدىن بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىدېئولوگىيە بازىسىنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئىگىلىمىسە، فېئوداللىزمنىڭ قالدۇق ئىدىيىسى ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكرى ئېقىمى، مۇقەررەر ھالدا، يامراپ كېتىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىدېئولوگىيە بازىسىنى ئىگىلەپ، فېئوداللىزم ۋە كاپىتالىزم ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، جەمئىيەت ــ ئىقتىساد، سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان شەكلى. بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن تونۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي نۇقتىدىن ۋە ئىدىيە نۇقتىسىدىن تونۇشىمىز كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن تونۇغاندا، بۇ باسقۇچتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىدەك بۇ ئاساسىي پاكىتقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنى مەركىزى ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى سىياسىي نۇقتىدىن ۋە ئىدىيە نۇقتىسىدىن تونۇغاندا، بۇ باسقۇچنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى ــ سوتسىيالىستىك ماھىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي جەھەتتىكى قۇرۇلۇشنى ئەستايىدىل كۈچەيتىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ــ ئۇلۇغۋار نىشانغا ئىگە ئىلغار جەمئىيەت. بۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ــ ئاساس، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇش ــ ئۇنىڭ باشلامچىسى ۋە جان تومۇرى. ئەگەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلا بولۇپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي جەھەتتىكى قۇرۇلۇش بولمىسا ياكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئارقىلىق ئىدىيىۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇش چەتكە قېقىلسا ۋە ئىنكار قىلىنسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەكشىلىكىدە قىيسىيىش ۋە يانتۇلۇق كېلىپ چىقىدۇ، ھەتتا ئىدىيىنىڭ قالايمىقان بولۇشى، ئەخلاق قىممىتىنىڭ چۈشۈشى، ئىشەنچىنىڭ يوقىلىشى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ــ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي جەھەتتىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي شەكلى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشتەك ماھىيىتى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتكە سەل قارىغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭىنى، كوممۇنىزمغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

2. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى توپ ۋەزىپە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىنىڭ توغرا تاللىنىشى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتىن ئايرىلمايدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يول تاللاش مەسىلىسى مەۋجۇتمۇ-يوق؟ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ «‹سوتسىيالىزم› ياكى ‹كاپىتالىزم› ئىكەنلىكىنى سوراشقا يول قويماسلىق» كېرەكمۇ-يوق؟ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىدا ساقلىنىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇقۇمىدىنى «خۇسۇسىيلاشتۇرۇش»قا باغلاپ، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىش خاھىشى، شۇنىڭدەك بۇنداق تەشەببۇس پەيدا قىلغان ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بۇ مەسىلىگە سەلبىي جەھەتتىن روشەن ھالدا جاۋاب بەردى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى يەككە - يېگانە بولمايدۇ، بەلكى مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىنىڭ تەسىرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇشى ياكى ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئاستا ئىلگىرى سۈرۈشى ياكى كەڭ كۆلەمدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، ئومۇمەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ياكى خاراكتېرى ئوخشاش بولسىمۇ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇسۇلى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە بولغان ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى ئەكس رولى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان يولىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات تەلىپى ماھىيەت جەھەتتىن بىردەك. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولغان ئەمگەكچىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىنىڭ خوجايىنى، ئەمگەكچىلەر دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى بولغان ئاساستىلا سوتسىيالىستىك تۈزۈم، مۇقەررەر ھالدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال تۈردە ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىچكى ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ ماھىيەت جەھەتتىن سوتسىيالىس-

www.uyghurkitap.com

تىك تۈزۈمگە تايىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

پاكىت ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە تايىنىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولى نەزەرىيىۋى ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشقا ئوخشاش ئاددىي ئىش ئەمەس. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا دۇچ كەلدى، مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە كۈرەش داۋامىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان سوتسىيالىستىك يۆنىلىشنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يولىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىش سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي بولغان ئەمگەكچىلەرگە كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەشكە باغلىق. ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن مۇرەككەپ شارائىتتا، ئەگەر پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى بوشاشتۇرۇپ قويۇلسا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ.

ئالدى بىلەن، بۈگۈنكى دۇنيادا ماددىي بايلىق يارىتىشنى يادرولۇق مەزمۇن قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يولى بىرلا خىل بولماستىن، بەلكى كۆپ خىل بولىدۇ؛ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي ئۈستقۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىياسىي ئۈستقۇرۇلمىمۇ يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئىچكى ئىقتىدارغا ئىگە. تارىخىي ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، ماددىي بايلىقنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يەنىلا ناھايىتى تېز بولدى. ئۇزاققىچە بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇش تۈپەيلىدىن يېپىق قويۇلغان ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئالدى بىلەن غەرب دۇنياسىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتىكى رېئال سېلىشتۇرما كىشىلەرنى ئاسانلا ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ماددىي نۇقتىدىنلا قاراشتەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ماددىي قاتلامدىن كاپىتالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا ئىنتىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا گۇمانلىنىش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش ئەھۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، تامامەن ساقلىنىش ناھايىتى قىيىن بولغان بۇنداق ئومۇميۈزلۈك تونۇشقا ئاساسلانغاندا، كىشىلەرگە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك پاكىت ئارقىلىق «ئىستىخىيلىك تەربىيە» ئېلىپ بېرىش، روشەنكى، بەكمۇ كۇپايە قىلمايدۇ؛

شۇڭا، سىياسىي ئۇستۇنلۇكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، كۇچلۇك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق كىشىلەرگە سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يولى توغرىسىدا «ئاڭلىق تەربىيە» ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مول تارىخىي پاكىت ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتى ئېچىپ بەرگەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرگە كاپىتالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىنىڭ زىددىيەت ۋە توقۇنۇش بىلەن تولغان يول، كۆپ قىسىم ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان يول ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تونۇتۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو بۇنداق تەرەققىيات يولىدا ماڭمايدۇ. ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۇزۇم ئاستىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنىڭ رېئال سەۋىيىسىنى كۆرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسىنى ۋە تەرەققىيات سۇرئىتىنى كۆرۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا، بىز سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگونى قۇتقۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو تارىخىدا مىسلىسىز سۇرئەت، سۇپەت بىلەن جۇڭگونى راۋاجلاندۇرغانلىقىنى ئېنىق سېزىۋالالايمىز ...... ئەشۇنداق ئۇزلۇكسىز ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلىسەكلا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن مۇرەككەپ مۇھىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى ساقلاپ قالالايمىز.

ئۇنىڭدىن قالسا، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ھەم جۇڭگو بىلەن چەت ئەل بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، ھەمكارلىشىپ قۇرغان كارخانىلار، چەت ئەل مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۇسىنى ئالمىغان ئىگىلىكلەر خەلق ئىگىلىكىدە مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇچۇن مۇھىم رول ئوينىماقتا. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۇسىنى ئالمىغان بۇ ئىگىلىكلەرنىڭ راۋاجلىنىشى بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى سۇپىتىدە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغىمۇ شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىماقتا. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى بىرىنچىدىن، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۇچى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۇسىنى ئالمىغان كارخانىلارنىڭكىدىن ئاجىز؛ ئىككىنچىدىن، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۇسىنى ئالمىغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىدىن ئاز؛ يۇقىرىدىكى ئىككى جەھەتتىكى تەسىر تۇپەيلىدىن، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۇسىنى ئالمىغان كارخانىلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىدەك يۇقىرى ئەمەستەك كۆرۇنىدۇ. روشەنكى، بۇ، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىگە قىلغان خىرىس. مۇشۇنداق خىرىس ئالدىدا، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردىكى

www.uyghurkitap.com

ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈسىنى ئالغان كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئەينەن يۆتكەپ كېلىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئاساسلىقى، نەچچە ئون مىليون ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا تايىنىپ، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەكمۇ؟ بۇ، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي مەسىلە. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي تۈۋرۈك، دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقىلا تايىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئېلىپ بېرىشقا تايىنىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ، بۇ، يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ساقلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بېرىدىغان تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ ئىككى تەرەپ، ئوخشاشلا، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرىگە ئېغىپ، بىرىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىنى ئاجىزلىتىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان بولساق، كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن چەتلەپ كېتىش ئېھتىمالى تۇغۇلىدۇ.

**3. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش كېرەك؛ كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتىن ئايرىلالمايدۇ.**

ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتى بۇرۇنلا شۇنى ئېچىپ بەرگەن ئىدىكى، سوتسىيالىزم ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىدىغان جەمئىيەت. سوتسىيالىزم ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشى ئەمگەك ئىقتىدارى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش خاراكتېرى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورنىنى بەلگىلىگەن.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش خاراك-

ئېرىدە چىڭ تۇرۇشقا تولىمۇ مۇھتاج. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماددىي بايلىقنىڭ ئېشىشىغا، بولۇپمۇ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۈكسىلىشىگە بولغان جىددىي ئىنتىلىش روھىي ھالىتى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەركىزىي ئورنىغا قويۇلغاندا، كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىي، ئەخلاقىي قۇرۇلۇشىغا ئاسانلا سەل قاراپ قېلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئاجىزلاپ كېتىدىغان ھەتتا چېكىنىپ كېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ ئەتراپلىق بولۇشىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان، ئۇنى مەنىۋى، ئەخلاقىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان خاھىشلاردىن ئۈنۈملۈك ساقلىنالايمىز. ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، يەنى كاپىتالىزم ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشى ۋە فېئوداليزمنىڭ ساقىندىلىرىنىڭ تەسىرى ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا جەمئىيەت ئورگانىزمىدا تۈرلۈك چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئاسانلا پەيدا بولىدۇ. چىرىكلىك ھادىسىسى، ماھىيەت جەھەتتە ئالغاندا، سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىنىڭ چېكىنىشىگە ياتىدۇ. «دەسلەپكى باسقۇچتا چىرىكلىكتىن ساقلىنىش قىيىن» دەپ قاراپ، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، يامراپ كېتىشىگە يول قويۇش — ئاخىرقى ھېسابتا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشىنى تەكىتلەپ، كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش ئارقىلىق چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تازىلاش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانىغا ئىگە جەمئىيەت. دەسلەپكى باسقۇچنى ئوتتۇرا باسقۇچقا ۋە تەرەققىي تاپقان باسقۇچقا يۈكسەلدۈرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا، كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلەش كېرەك. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىم ئامىل ئومۇمىيۈزلۈك بولغان جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى تاللاشتىن ئىبارەت. جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانى ئومۇمىيۈزلۈك بولغاندىلا، ئاندىن رېئال جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ماسلاشقان ھالدا راۋاجلاندۇرۇش يولىغا باشلىغىلى بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسلىق رېئال ئەھمىيىتى، روشەنكى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە باغلىق. چۈنكى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ جەھەتتىكى ئېغىر يېتەرسىزلىك جەمئى-

يەتمەك ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان رېئال ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋە چېنىقىشىغا تايىنىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان جەريان بولماستىن، بەلكى ئىلغار ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش ۋە يېتەكلەش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرىدىغان جەريان، مانا بۇ — ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشى ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە كەم دېگەندە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدۇ:

— ماركسىزمنىڭ تۈپ نەزەرىيىسى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۇنى سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانى ۋە مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشىنى ۋە ئۇنى ئاڭلىق ئىگىلىشىنى كۈچەيتىش؛

— سوتسىيالىستىك ئورتاق غايە ۋە كوممۇنىستىك ئالىي غايە توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۇنى سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش؛

— ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيە توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۇنى سىڭدۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىسىنى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش؛

— سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلەت توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۇنى سىڭدۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك خاتا پىكىر ئېقىملىرى ۋە چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىنى توسۇش؛

......

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتلەر كۈچەيتىلسە، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان زور رولنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللارنى تۈگىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

«جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990- يىل 3- سانىدىن

**تۇرسۇن سادىق تەرجىمىسى**

بىلىمسىزلىكتىن ھەر قاچان ماختانماسلىق كېرەك.
بىلىمسىزلىك ئاجىزلىقتۇر.

ن. گ. چېرنىشېۋسكى

# ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدا

خۇ شياڭدۇڭ

يولداش جياڭ زېمىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «ھازىرقى جۇڭگودا، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزم ماھىيەتتە بىردەك» دېگەن مۇھىم ھۆكۈمنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھازىرقى جۇڭگو چوڭ قۇرۇلۇقىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزم ئوبيېكتىپ، مۇقەررەر باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

## 1. ۋەتەنپەرۋەرلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مەنىۋى كۈچى

1) جۇڭگو ئىنقىلابىدىن قارىغاندا، بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا مۇھتاجمىز. جۇڭخۇا مىللىتى — كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئۇلۇغ مىللەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان ھەم ئۆز نۆۋىتىدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يارىتىشىغا، ۋەتىنىنىڭ ھايات - ماماتى ۋە تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە، ۋەتىنىنى، ۋەتىنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، شان - شەرىپىنى قوغداشنىڭ سەلتەنەتلىك سەھىپىسىنى يېزىشقا ئىلھام بېرىپ كەلمەكتە. ۋەتەنپەرۋەرلىك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىز.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچىدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئەزەلدىن غايەت زور مەنىۋى كۈچ، مىللەتنىڭ روھى ھەم جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى بىر تۈپ تەجرىبىسى بولۇپ كەلدى. جۇڭگو خەلقى مىللەتنىڭ ھايات - ماماتى ۋە ئازادلىقى، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن، تەيپىڭ - تيەنگو ھەرىكىتىدىن شىڭخەي ئىنقىلابىغىچە، «4- ماي» ھەرىكىتىدىن ئازادلىق ئۇرۇشىغىچە ۋە جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرغىچە، جاپا - مۇشەققەتلىك، مىسلىسىز، تىللاردا داستان بولغىدەك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان. ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىمۇ ئىچكى ئۇرۇشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا پائال قارشى تۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغان. سەككىز يىل قان كېچىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ

www.uyghurkitap.com

قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى ئاخىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ئىنقىلابى ھەرىكىتى تارىخى، ئوخشاشلا، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى تارىخى بولالايدۇ.

جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي سەھنىگە چىقىپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەھبەرلىك كۈچى بولغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تارىخى كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدىن يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا ھەم دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا ئۆتۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدە ئۇلۇغ سەكرەش بولدى ھەم ئۇنىڭغا ماركسىزم، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمىنىڭ يېڭى قېنى سىڭىپ كىردى. بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئالغا بېسىشقا تىرىشىش ئاساسىدا تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇ دۇنيا خەلقىنىڭ ئىنقىلاب مەنپەئەتى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك.

2) سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىن قارىغاندا، بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا مۇھتاجمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش — جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى بىر تۈپ تەجرىبە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى بىر تۈپ تەجرىبە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، پارتىيىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئەينى چاغدا ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مىللىي قەدىر - قىممىتى، ئىشەنچى، ئىپتىخارى زور دەرىجىدە ئۆسكەن، ئۇ ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈم بەرگەن ئىدى. كېيىن، «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ ئۆسۈپ قىلىشى تۈپەيلىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئون يىللىق بوران - چاپقۇنىدا، بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىمىز ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلاندى ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيىمىز بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىز قايسى ۋاقىتتا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تەكىتلىگەن بولساق، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلدى، قايسى ۋاقىتتا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تاشلاپ قويغان بولساق، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا خاتالىق كۆرۈلدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭمۇ قۇدرەتلىك كۈچى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىجادىي خاراكتېرلىك ئەڭ ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش، ھەم بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ھەم دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ يولى، ھەم جاپالىق مۇساپە. قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، مۇقەررەركى، خىلمۇ - خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايمىز، تۈرلۈك ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرىمىز، ھەتتا خىلمۇ - خىل ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقىمىز، بۇلار بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرنىيەت - بىرمەقسەتتە بولۇپ

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىزغا مۇھتاج. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىر خىل ئىچكى تارتىش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلگۈچى كۈچ بولۇش سۈپىتى، ئەڭ كەڭ چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بايراق بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى ئۇرغۇتۇش، مىللەتنىڭ قەددى - قىممىتى، ئىشەنچى، ئىپتىخارىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغۇسى. بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جۇڭگودا ھەر قانداق بىر ئىنقىلابچى ئالدى بىلەن بىر ۋەتەنپەرۋەردۇر.

## 2. سوتسىيالىزم — ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى

**1) ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىن سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ رولىغا نەزەر.** ۋەتەنپەرۋەرلىك ئابستراكت بولماستىن، بەلكى كونكرېت بولىدۇ، يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، مۇئەييەن سىنىپنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ، سىنىپىيلىق ۋە ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ خاراكتېرى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى، دۆلەتنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەت، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت. شۇڭا بۇ، جۇڭگونىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىزم جۇڭگونىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتەك ئىدىيىۋى ھېسسىيات سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ، نۆۋەتتىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يېڭى مەزمۇنى. باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، سوتسىيالىزم ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن، شۇڭا سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزى يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ يادرولۇق مەسىلىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

**2) ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ دەۋر خاراكتېرلىكىدىن سوتسىيالىزم تەربىيىسىنىڭ رولىغا نەزەر.** ۋەتەنپەرۋەرلىك سىنىپىيلىق ۋە ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي خاراكتېرلىك ۋە دەۋر خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە، يەنى ئۇ دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ.

1956- يىلى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى جەھەتتىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقانلىقى ئېلىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىزم جەمئىيىتىدىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش ۋەتەنپەرۋەرلىككە يېڭى مەزمۇن — ۋەتەننى سۆيۈشنى، يەنى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونى سۆيۈشنى بەخش ئەتتى. ئەگەر سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت بۇ مەزمۇن ئېلىپ تاشلانسا، ۋەتەننى سۆيۈش روھتىن، نىشاندىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ۋەتەنپەرۋەرلىككە سوتسىيالىزم يېڭى مەزمۇنى بەخش ئېتىلسىلا، ئاندىن ئۇنىڭ دەۋر خاراكتېرلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ

(ئاخىرى 11 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# «12 مۇقام» سىنىپىيلىكى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تەشۋىقات قورالى

مەمتىمىن يۇسۇپ

«12 مۇقام» زور ئىلمىي مەنپەئەت سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئاساسىي جەھەتتىن رەتلىنىپ بولدى. بۇ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زور تەنتەنىسىدۇر.

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، بۇنى يالغۇز ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش تارىخىي ئوبيېكتىپلىققا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇللىرىنىڭ سىستېمىلاشقان ئىجتىمائىي ئاساسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى مەدەنىيەت تارىخى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدۇر. «12 مۇقام» گەرچە سىستېمىلاشتۇرۇلغان 12 چوڭ كىلاسسىك مۇزىكىنىڭ نامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ناخشا سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ قامۇسى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گارمونىك تارىخى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكا، ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولغان «12 مۇقام» جانلىق ئىجتىمائىي ھايات كۈرىشىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى سۈپىتىدە تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن.

## 1

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا كىشىلەردە تەپەككۇر ۋە تىل پەيدا بولغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭغا ماس ھالدا ناخشا ۋە ئاھاڭ مەيدانغا چىقىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن باشلاپ ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى — كۈرەشلىرى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت- نەپرىتى، قايغۇ- شادلىقى ھەم تەبىئىي ئاپەتكە ۋە زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش غەلىبىلىرى قاتارلىقلارنى ناخشا ۋە مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن.

«12 مۇقام» ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش، ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل كۈرەش قورالى بولۇپ كەلگەن.

«12 مۇقام» خەلق تەرىپىدىن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجاد قىلىنغان خەلق ناخشىلىرىنىڭ (ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇللىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پايانسىز دېڭىزى ئىچىدە راۋاجلانغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان، ئۇ قانچىلىغان ئەسىرلەردىن بۇيان قۇللۇق ۋە فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ دەھشەتلىك جەبىر- جاپالىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن ناخشا، ئاھاڭ ئىجاد قىلىش مەن-

بەلىردىنى تاپقان، يىللار ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ھەرخىل قۇشلارنىڭ (بۇلبۇل ۋە ھەقنۇسقا ئوخشاش) ئاۋازلىرىدىن، ھەر خىل ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ رىتىملىرىدىن، ھاياتلىقتىكى دات-پەريادلاردىن، زالىم - قۇلدارلارغا، ئەزگۈچى فېئوداللارغا بىلدۈرگەن غەزەپ - نەپرەتلەرنىڭ دولقۇنلىرىدىن، تەبىئىي ئاپەت ۋە چۆل-جەزىرىلەردىكى شىۋىرغان ئاۋازلىرىدىن، ناھەق تۆكۈلگەن قان، ئاققان تەر، يەنچىلگەن ئۇستىخانلارنىڭ ئېچىنىشلىق مۇڭ-زارلىرىدىن، ئوخشاشمىغان شەكىللەر بىلەن زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ غەلىبە خۇشاللىقلىرىدىن تەسىرلىنىپ ۋە ئىلھاملىنىپ، تۈرلۈك ناخشا ۋە ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلغان. «12 مۇقام» ئاھاڭلىرى ئەنە شۇ خەلق ناخشا - ئاھاڭلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى ۋە تارقىلىشىدۇر. ئىشەنچىلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ساز ئەسۋابلىرى، ناخشا ئاھاڭلىرى بۈنىڭدىن 2200 يىل بۇرۇنلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارالغان. «جىمىن كىتابى مۇزىكا تەپسىرى» دېگەن ئەسەردە: «جاڭ چيەن غەربىي رايوندىن خۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) نەي، داپ قاتارلىق سازلىرىنى، كۇچانىڭ «موقدۇل» نەغمىسى قاتارلىق ئاھاڭلىرىنى ۋە ئۇلارنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ كەلتۈرگەن» دەپ يېزىلغان بولسا؛ ياپونىيە تارىخچىسى كاۋساكىشۇنجى يازغان: «جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابتا: «جاڭ چيەن غەربتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى ئاھاڭىنى ئېلىپ كەلگەن. لى يەنتيەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئىككى ئاھاڭىغا ئاساسەن 28 ئاھاڭ ئىشلىگەن» دەپ يازغان (لى يەنتيەن خەن گاۋزۇنىڭ مۇزىكا ئىشلىرىنى باشقۇرغان ۋەزىرى).

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ناخشىسى بولغان:

ئىلى ۋادىسى چوغاي ئېتىكى،
چۆمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى.
ئاسمان سۈپسۈزۈك چەكسىز تاغ-دالا،
گۈزەل يايلاقتا تولغان قوي-كالا.

دېگەن بۇ خەلق قوشىقى - ناخشا تېكىستى سۈپىتىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بەلگىلىك دائىرىدە تارقىلىپ، ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ خاتىرىلەنگەن. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، دولان ۋادىسى ئەتراپىدا ياشىغان خەزەر ئىسىملىك بىر ئۇيغۇرنىڭ بۈنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى راۋاپ، تەمبۇرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىنى ياساپ چىقىپ، يەكەن، خوتەن ئاھالىسىگە ئۆگىتىپ تارقاتقانلىقى؛ دۇڭجىن دەۋرىگە كەلگەندە (317 -،420- يىللىرى)، كۇچا ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگىمۇ تارالغانلىقى مەلۇم.

سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا (581-،618 - يىللىرى)، قەشقەر ۋە كۇچادا ئىككى مۇقامنىڭ ئىجاد قىلىنغانلىقى ۋە بۇ مۇقاملارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارالغانلىقى شەرھىيلىنىدۇ.

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە (577- يىللىرى) كۇچادا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر سازەندىسى سۇچاۋ پايتەخت چاڭئەنگە بارغاندا ئۇيغۇر ناخشا ئاھاڭلىرىدىن 12 نەغمە ۋە ئۇنىڭ رىتىم قانۇنلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا يېڭى كەيپىيات ياراتقان. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇزىكىشۇناس جىن يى (582- يىللىرى) مۇزىكانتلارنىڭ ئوردا مۇراسىم نەغمىلىرى بىلەن چەكلىنىش كۆز قارىشىغا قارشى تۇرۇپ، مۇ-

www.uyghurkitap.com

زىكانت سۇچاۋانىڭ 12 ئاھاڭ رىتىم قانۇنى بويىچە ئاھاڭلارنى تەرتىپكە سېلىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن يازغان «سۇي ـ تاڭ نەغمىلىرى تەتقىقاتى» (گومورو تەرجىمە قىلغان) دېگەن توققۇز بابلىق كىتابتا: «كۇچالىق سۇجاۋانىڭ 12 رىتىملىق كۈي قانۇنى ـ جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا ئەسلىسىز يېڭىلىق كەيپىيات تۇغدۇردى» دەپ يازغان. «سۇي نامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا: «كۇچا سازەندىلىرى 20 كىشى بىر ئوركېستىر بولۇپ، 15 خىل سازى بولغان، قەشقەر سازەندىلىرى 12 كىشى بىر ئوركېستىر بولۇپ، ئون خىل سازى بولغان، سەنئەتچىلەرنىڭ كېيىنىشىدە ئاياللار چېكىسىگە قىزىل يىپەك ياغلىق چېگىپ، ئۈستىگە قىزىل تاۋار نىمچا ياكى زەرىيا قىلىقچاپان كىيگەن، ئاستىغا ئاق ياكى قىزىل شالۋۇر كىيگەن، قىزىل كەمەر باغلىغان، قىزىل ئۆتۈك كىيگەن، گۈللۈك دوپپا كىيگەن، زىبۇ ـ زىننەت تاقىغان، ھەتتا ھەسەن ـ ھۈسەن رەڭلىك كىيىم كىيگەن»، دەپ كۆرسىتىلگەن.

تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە (712 ـ ، 756 ـ يىللىرى) يىپەك يولى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، غەربىي رايون ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئامۇ دەرياسىنى بويلاپ ئىران، ئەرەبىستان قاتارلىق چەت جايلاردا يىپەك ۋە ھەرخىل مەدەنىي بۇيۇم سودىسى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەرگە تارقىلىش دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن. بۇ ھەقتە تاڭ دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا خېلى كۆپ سۆزلەنگەن.

تارىخچى شىڭدا: «640 ـ يىللىرى كۇچا مۇزىكىسى ھىندىستان مۇزىكىسىدىن ئۈستۈن تۇراتتى، كۇچا مۇزىكىسىنىڭ ھىندىستان مۇزىكا قوراللىرىدىن ئون نەچچىسى ئارتۇق ئىدى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

تاڭ دەۋرى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغىنىدەك، مۇزىكا، ناخشا سەنئىتىنىڭمۇ ئالتۇن دەۋرى بولغان. تاڭ شۈەنزۇڭ زامانىسىدا مەخسۇس مۇزىكا تەتقىقات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، 5000 دىن ئارتۇق سازەندىنىڭ يىغىلىشى بىلەن خەنزۇ مۇزىكىسى رەتكە سېلىنغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان. بۇ مۇزىكىلار نۇر، ئاسايىش ـ جىمجىتلىق، ھاياجان، ياخشىلىق، ساغلاملىق، ئىناقلىق، گۈزەللىك، مۇراسىم، مۇناجات، بەتەخت دېگەن ناملار بىلەن 12 چوڭ ئاھاڭغا سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. بۇ بىر يۈرۈش 12 چوڭ ئاھاڭ كېيىنكى خەن (447 ـ ، 950 ـ يىللىرى)، كېيىنكى جۇ (951 ـ ، 960 ـ يىللىرى) دەۋرلىرىگىچە (9 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە) ئوردىلاردا ۋە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن.

دېمەك، تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، 4 ـ ، 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھەر خىل شەكىل بىلەن تەرەققىي قىلغان مۇزىكا، خەلق ناخشىلىرى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسى ئاساسىدا، مۇقام سىستېمىسىغا كۆچۈپ، مۇقام ئىجاد قىلىنىشقا باشلىغان. شۇڭا، 5 ـ ، 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقامى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقام ئىجادىيىتى» دېگەن سۆزلەر يېزىلىشقا باشلىغان. «12 مۇقام» ئىچىدىكى ئەجەم مۇقامىنى ئەڭ بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان مۇقام، دەپ قاراش مۇمكىن. ئەجەم مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش مەشرەپلىرىدە ئۇسسۇللۇق نەغمە ئاساسىدا مەيدانغا چىققان. ئۇ مۇقام دەس-

لەپتە «زەنگۇلە»، «ئەسلىق» دەپ ئاتالغان. «زەنگۇلە» مۇقامى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن؛ پۇت-قوللىرىغا كىچىك قوڭغۇراق، مارجان تاقاپ، پىرقىراپ ئوينايدىغان ئۇسسۇللۇق مۇقامى، دېگەن بولىدۇ. «ئەسلىق» بولسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەخسە - پىيالە ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ پىرقىراپ ئوينايدىغان ئۇسسۇللۇق مۇقامى، دېگەن بولىدۇ. مانا مۇشۇ خىل ئۇسسۇللۇق ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئەجەم مۇقامى بارلىققا كەلگەن. ئەجەم مۇقامىنىڭ ئەجەم دەپ ئاتىلىشىمۇ ئۇنىڭ خېلى بۇرۇن ئىجاد قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى ئەرەب ئەمەلدارلىرى ياد دىندىكىلەرنى، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلارنى ئەجەم، دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇللۇق ناخشا ۋە ساز مۇقاملىرىنى كەمسىتىپ، «بۇ، ئەجەملەرنىڭ پەيلى»، «ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدىغان ئەجەملەرنىڭ پەيلى» دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق ناخشا-ساز مۇقاملىرىنى ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارىتا «ئەجەم مۇقامى سەنلەرنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ، شۇڭا بىز سەنلەرگە يات، سەنلەرگە نىسبەتەن بىز ئەجەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇ مۇقامغا ئەجەم، دەپ نام قويغان. 16- ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە «12 مۇقام» ئۇستازلىرىنىڭ بىرى بولغان قەدىرخاننىڭ «دىۋان قەدىر» ناملىق ئەسىرىدىكى «تېگىشلىگەن قان» ناملىق شېئىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ زاماندىكى ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قورال ئىشلەتكەن ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

قىلىچ، نەيزە ئۇرۇلماقتا تۇمەنىڭ كەمبەغەل جانىغا،
تۆكۈلگەن لەختە قانلارنى تېگىشتى بەر مۇسۇلمانىغا.
جاھاننى قەتلە ئەتمەككە سېتىپ قوللارنى سۇلتانىغا.
دىيارىمنى خاراپ قىلدى چېچىپ دېشۋارىنى ھەريانىغا.
تاجاۋۇز، قەتلە، ئاھلاردىن كۆمۈلسەكمۇ باياۋانغا،
ئېلىشىشقا قەسەم قىلدۇق ئەرەبلەردەك ھەمدانىغا.

بۇ شېئىردا شۇ تارىخىي دەۋردىكى، يەنى 8-، 10- ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش - كىرمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ دەھشەتلىك بولغانلىقى بايان قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇڭا، شائىر قەدىرخان بۇ شېئىرنى مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئوقۇپ، خەلق ئىچىگە تارقاتقان. قەدىرخاننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك نەغمىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن، مۇقەددەس ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلىپ، مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن ئوقۇلۇپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغانلىقىنى ئاڭلىغان (شۇ زامان سۇلتانلىرىنىڭ بىرى بولغان) سۇلتان ئىبنى سۇلتان تەسىرلەنگەن ھالدا قەدىرخاننىڭ بۇ شېئىرىغا يۈكسەك باھا بەرگەن ۋە قەدىرخان شېئىرلىرىنى توپلاشقا بۇيرۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن:

«ئولۇس تەبىئىتىنىڭ ساپ يامغۇرىدىن،
بولۇپ سىراپ ئەل، نەزمىڭ دۇررىدىن.
سۆزۈڭ بىغى ئەۋجى پەلەك چەكتى ئالەمنى.
كى سۇردۇڭ ئەرشىنى لەۋھىغە قەلەمنى.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ پەرماندىن كېيىن، مۇقام ئۇستازى شائىر قەدىرخان ئۆز شېئىرلىرىنى توپلاشقا كىرىشكەن. شائىر ئۆز مۇقەددىمىسىدە «خەلق ئارىسىدا تارىلىپ يۈرگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بېيىتلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇق بولۇپ، تارالغانلىرىمۇ خېلى بار، تۈرلۈك مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن، 9 مۇجەللەت (9 توم) قىلىپ تۈزۈلگەن» دېگەن. ئوخشاشلا شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ شائىرى بەي جۈيى «ئۇيغۇر قىزىغا» ناملىق شېئىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامدىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇلىنى ئاجايىپ تەسۋىرلىگەن. «ئوقۇش يۇرتىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇر راھىبىنىڭ سامانىسى، ئۈزۈلگەن ئوقيا كامالچىسى، بەشبالىق نەغمىسى قاتارلىق چوڭ مۇزىكا - نەغمە، ناخشا - ئۇسسۇللۇق مەشرەپلەرنىڭ ئوينالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شائىر چېن سى ئۆزىنىڭ «بەشبالىق» ناملىق شېئىرىدا: «ئۇچۇرۇپ كۆڭلەكلەرنى ئۇسسۇلغا چۈشكەن گويا پەرى، تولدى ئۇيغۇرلارغا سەھنە گۈلۈستانىدەك ھەر بىرى، دەپ يازغان. بۇ شېئىرلار خۇددى قەدىمكى ئەجەم مۇقامىنى مەدھىيىلەش ئاساسىدا يېزىلغان، دەپ تەسۋىرلەنگەن.

قىسقىسى، قەدىمدىن تارتىپ تاكى ئازادلىققا قەدەر بولغان ھەر قايسى دەۋرلەردە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار «12 مۇقام»دىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن، «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا ئايرىم ئوردا شائىرلىرىنىڭ ئاق سۆڭەك بەگزادىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان، ۋەز-نەسھەت تەرىقىسىدە يازغان بەزى شېئىرلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىنى، تەقدىرگە تەن بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ۋە بۇ جەھەتتە بەزى ئەپسانە رىۋايەتلەرنىمۇ تارقاتقان. بىز ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ بۇ ئىجادىيىتىنى ئەمەلى، تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەنتەنە قىلىش ئارقىلىق بۇنداق ئەپسانە رىۋايەتلەرنى رەت قىلىمىز. «12مۇقام» ئاھاڭلىرىغا يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئايرىم شېئىرلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى «12 مۇقام» نىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئاز بىر قىسىم شاكالدىنلا ئىبارەت، خالاس. «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىنى ھەرگىزمۇ مۇنداق شاكاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا بولمايدۇ.

«مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 9-سانىدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى» دېگەن كىتابتا: ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت شەكلىدە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت تۈسىمۇ ئىپادىلەنگەن، ئۆز ئارا ئۆگەنگەن...... مۇنداق ئۆزئارا سىڭىشىشنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ ئېيتىش مۇمكىن، دەپ كۆرسىتىلگەن.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن بۇ رايوندا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ساقلاپ كەلگەن. مۇشۇ بايلىقلارنىڭ، مەسىلەن، بىز ھازىر ئېيتىپ كېلىۋاتقان «راك» مۇقامى، «چەببىيات» مۇقامى قاتارلىق مۇقاملارنىڭ بەزى ئاھاڭلىرىدا خەنزۇ مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇسلۇب ۋە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. تۇرپان، قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن «جانان قىز» قاتارلىقلاردىمۇ ئەشۇنداق ئامىللار بار.

شۇنداقلا «12 مۇقام» باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرى ۋە بېيىتلىرىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن، مىل-

لەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىغان. چيەنلۇڭنىڭ (1777- يىللىرى) يىللىق مەجمۇئەسىدە: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زىياپەتلىرى (مەشرەپلەر) ساز بىلەن باشلىنىدۇ، ناخشا- ئۇسسۇل ماھارەت بىلەن ئورۇنلىنىدۇ»،دېيىلگەن. خۇبىن قاتارلىقلار داپ، راۋاپ، ناغرا، ساتار، قالۇن قاتارلىق سازلار چېلىنىپ، سەنەم، سەلىقە، ساقى نامە، جۇلا قاتارلىق مۇقام پارچىلىرىنىڭ ئوقۇلىدىغانلىقى، ئۇسسۇل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، تاللىنىپ مەشرەپكە ئايلىنىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان.

15- ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىن تاكى ئازادلىققا قەدەر، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەقىل پاراسىتىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، «12 مۇقام»نى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى بېيىتىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلغان، ئورۇلۇپ - سوقۇلۇپ، سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىق بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن تۇردى ئاخۇن ئاكىغا ئوخشاش نۇرغۇن پېشقەدەم مۇزىكشۇناسلارنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

مەسىلەن: 1870- يىلى قەشقەرلىك مۇھەممەت موللا (لەقىمى كاۋۇشاك) «12 مۇقام»نى تۇنجى قېتىم ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلى خەلقى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزغان، ئۇ «12 مۇقام»نى ئىلى خەلقىنىڭ ئەمگەكچان تېتىك روھىي ھالىتىگە، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مۇۋاپىق خۇسۇسىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ جاراڭلىق ئۇسلۇبىغا بىرلەشتۈرگەن. مۇھەممەت موللاكەمبەغەل، ئەمگەكچان كىشى بولغىنى ئۈچۈن، يۇقىرى تەبىقە ئاق نانچىلىرىنىڭ ئولتۇرۇش - مەشرەپلىرىدىكە بېرىشنى خالىمايدىكەن. شۇڭا ئىلىنىڭ بايلىرى ئۇنى دىۋانە خاكزار، دەپ ھاقارەتلىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئارىلىشىدىغان يار-بۇرادەرلىرى ئولتۇرۇش - قوپۇشلاردا ھەمسۆھبەت بولالايدىغان. ئوز ئارا مۇقام ئېيتىشالايدىغان موزدۇز، باغاچچى، دېھقان، سەرگەردان يېتىمچىلەردىن ئىبارەت بولغان ئىكەن. ئۇ ئاچ قالغان چاغلاردا، ئوزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولغان ساتارىنى نائىلاج گۆرەگە قويۇپ قورساق تويغۇزۇشقا مەجبۇر ئىكەن. ئۇ تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىر ئۆمۈر ئۆيلۈك - ئۆچاقلىق بولالمىغان. ئۇ ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ «12 مۇقام»نى تولۇق ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەستايىدىل ھالدا كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆگەتكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزى يېتىشتۈرگەن بەزى شاگىرتلىرى بىلەن بىللە چۈشۈپ قالدۇرغان (1910 - يىللىرى) رەسىم خاتىرىسى ساقلانماقتا.

ئىلىدىكى ئاتاقلىق پېشقەدەم مۇقامچى سازەندىلەردىن ھەسەن تەمبۇر، نادىر غىجەكچى، روزى تەمبۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «12 مۇقام»نىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان مۇقامشۇناس مۇھەممەت موللىنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. مۇھەممەت موللا ئىلىدا 40 يىل تۇرۇپ، يوقسۇزلۇق دەستىدىن 69 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار پاكىتلاردىن «12 مۇقام» تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات كۈرىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 2

2000 يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى «12 مۇقام»نىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ،چەت ئەل

تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغان. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان مەزگىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دىن تارقاتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق توقۇنۇش بولغان، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ زامانىدىكى ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن، ئايرىم ھاللاردا قىرىش - چېپىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئاساسلىقى، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنىغا بويسۇنىۋېرىش بىلەن بويسۇنماسلىق ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن قېتىم كەسكىن جەڭلەر بولغان. بۇ خىل ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى دىن تارقاتقۇچىلارغا قارشى نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان.

1865- يىلدىن 1877- يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالغان تاجاۋۇزچى، ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسى ياقۇپ بەگ (قوقان خانلىقىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى - بەدۆلەت) قەشقەر، خوتەنلەردە 50 مىڭدىن ئارتۇق دېھقاننى قىرغان، قانلىق قىلىچىنى كەمبەغەللەر ئۈستىدە ئوينىتقان دەۋرلەردە، قەشقەردە ئۆتكەن بائىز ساتارچى ئىسىملىك ئاتاقلىق ناخشىچى «12 مۇقام»نى تۈزلۈكسىز ئېيتىش ئارقىلىق تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگنىڭ چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىي تېررورلۇقى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان. ياقۇپ بەگ خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان قارشىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىي مەھكىمىسى بولغان شەرىئەتتىن پايدىلىنىپ، نامرات دېھقانلارنى باستۇرۇپ، پادىشاھ، فېئودال ئاخۇن - بايلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش «پەرز»، «ۋاجىپ»، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ «خوتۇنى تالاق»، «ئۆزى كاپىر» دېگەن دىنىي ئىسيانلارنى قارقاتقان. يەنىلىپ ساز چېلىش، نەغمە - ناۋا قىلىش، ناخشا ئېيتىش ھارامشەيتاننىڭ پەيلى دەپ، كەمبەغەللەرنىڭ «12 مۇقام»نى ئېيتىشىنى چەكلىگەن. ئۇ چاغلاردا بائىز ساتارچى كەمبەغەل پۇقرالار، سەرگەردان يېتىمچىلەر ئارىسىدا «12 مۇقام» ئارقىلىق تۆۋەندىكى شېئىر - قوشاقلارنى توقۇپ، ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغان:

بەدۆلەت مازار بولدى،
يوقسۇللار قازا بولدى.
تەييارتاپ سۈتخورلار،
دېھقانغا بالا بولدى.

خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغان بۇ ناخشا - مۇقاملار ياقۇپ بەگكە، شۇ زاماندىكى ئادالەتسىزلىكنىڭ تارازىسى بولغان مەھكىمە شەرىئەتكە قارشى ئېيتىلغان ئوقيا بولغىنى ئۈچۈن، ۋەھشىي ياقۇپ بەگ مەھكىمە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى ئارقىلىق ئاتاقلىق مۇقامچى بائىز ساتارچىنى ساتارغا قوشۇپ باغلاپ، زىندانغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بائىز ساتارچىغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغان بۇ قانۇن قەيەردىن كەلگەن؟ ھەممىگە مەلۇم، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ مەھكىمە شەرىئىتى 1840- يىللىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكە فورالى سۈپىتىدە ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە مەتبەئەخانىسىدا ئەرەبچە، پارىسچە ئىشلەنگەن «ئالەم گىرىيە» (پەتىۋا چىقىرىش قانۇنى) دېگەن كىتابنىڭ تارماق ماددىلىرىدىن كەلگەن، ئۇلار ئەنە شۇ چەت ئەلدە ئىش-

لەنگەن قانۇنىنىڭ تارماق ماددىلىرىغا توغرىلاپ ھۆكۈم چىقىرىپ، بائىز ساتارچىنى زىنداندا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن. 1877-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلق ئاممىسى ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى خانىۋەيران قىلىشقا باشلىغان، بۇ چاغدا ئامالسىز قالغان ياقۇپ بەگ كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. شۇ سەۋەبلىك نامرات دېھقانلار ئۆۋەندىكى قوشاقلار بىلەن مۇقام ئاھاڭلىرىدا ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەلب خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلىشقان:

بەدۆلەتمۇ ئۆلۈپتۇ،
ئۆلگەن بولسا بولۇپتۇ.
ئۇنىڭ ياتقان گۆرىدە،
ئىت-بۆرىلەر ھۇلاپتۇ.

زەھەر يەپتۇ قوتاندا،
بۈگۈن ماتەم قوقاندا.
كەمبەغەللەر خۇش بولدۇق،
ئۆرتەپ ئۇنى ئوتاندا.

(«ئۆرتەپ ئۇنى ئوتاندا» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب شۇكى، خەلق ئارىسىدىكى گەپ-چۆچەكلەرگە قارىغاندا، ياقۇپ بەگ كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ ئاپئاق غوجىنىڭ يېنىغا قويغان، بۇنى ئاڭلىغان نامراتلار ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈكىنى گۆردىن سۆرەپ چىقىرىپ، ئوتۇن بىلەن ئۆرتەپ كۆيدۈرگەن ئىكەن. بۇ مىسرا ئاشۇ ئىشقا قارىتىلغان.)

خېلى ئۇزاق تارىختىن بۇيان، چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزىنىڭ شۇم قولىنى شىنجاڭغا ئۈزۈلۈكسىز سوزۇپ كەلدى. بۇنىڭغا قارشى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ئورغۇنلىغان ھېكايە، تەمسىل، شېئىر - قوشاق ۋە ناخشىلار مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن: چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىلىنى بېسىۋالغان، 1881-يىلىدىن 1888-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى خەلقىنى قوراللىق كۆچۈرۈپ كېتىشكە ۋەھشىيلىك بىلەن ئورۇنغان چاغدا، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقىدىن قورقماي، «ئۇزھال» مۇقامىنىڭ بەزى ئاھاڭلىرىغا «كۆچ-كۆچ» ناخشىسىنى سېلىپ ئوقۇپ، مۇستەملىكىچىلىككە، كۆچۈشكە قارشىلىق بىلدۈرگەن.

چار پادىشا لەشكەرلىرى،
ئالتۇن كۆلاپ تاش كەستى.
دېھقانلارنى كۆچ-كۆچ دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.

كۆچ دېسەڭمۇ كۆچمەيمىز،
ئىلى بىزنىڭ يېرىمىز.
دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەردە،
تۆكۈلدى قان تەرىمىز.

خادىك ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
چار پادىشاھ يۇرتىدا،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

دېگەنگە ئوخشاش چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى توقۇلۇپ، «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئوقۇلغان قوشاقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ مۇقام-قوشاقلار ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

ياپون جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ فاشىستىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان ئاشۇ يىللاردا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقىگە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسى يۈكلەندى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان شېئىر - قوشاقلار يېزىلىپ، «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىدا ئېيتىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى چوڭقۇر ئىزھار قىلىندى. مەسىلەن: ئەمگەك بىلەن ھايات كەچۈرگەن ئاتاقلىق ناخشىچى ۋە مۇقامچى ھەسەن تەمبۇرنى ئالساق، ئۇ «ئاھ خەلقىم»، «گۈلزارلىققا قەست قىلغان ھايات كۆرمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى، ۋەتەننى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇپ، «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئوقۇپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. مانا مۇشۇنداق قايناق ئىنقىلابىي كۈرەش ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان پېشقەدەم مۇقامچىلىرىمىز «12 مۇقام»نى بېيىتىشتا ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇش بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارغا «ئۆز ھال»، «ئۇششاق» قاتارلىق مۇقام ئاھاڭلىرىنى سېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك يولىدا «12 مۇقام»نىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان.

پېشقەدەم ئاتاقلىق خەلق ئارتىسى مەرۇپ ئاكىمۇ 18 يېشىدىلا «12 مۇقام»نى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھايات كەچۈرگەن. ئۇ 1937- يىلدىن 1942- يىلغىچە ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە يېزىلغان دراما، كومېدىيە، كوچا تەشۋىقاتى ئويۇنلىرىدا ئاساسلىق روللارنى ئالغان ۋە ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ياپوننى قوغلاپ، ۋەتەننى قۇتقۇزايلى» دېگەن تېمىدا يېزىپ چىققان قوشاقلىرىنى «ناۋا» مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرىغا سېلىپ كوچا تەشۋىقاتلىرىدا ئوقۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان.

مەسىلەن:

شەرقتىن بىر سادا كەلدى،
شىمۇدىرغان جۇت ھاۋا كەلدى.
تۇتەك باسقان ئاراللاردىن،
سېرىق شەيتان ۋابا كەلدى.

ۋابادىن دىل يارا بولدى،
بۇ دىشمۇار ئەل - ئارا بولدى.
بېسىۋالغان زېمىنلارنىڭ،
خەرىتى قاپقارا بولدى.

كېتەر قىشنىڭ زىمىستانى،
ئېلىم جۇڭخۇا گۈلىستانى.
غەزەپتىن بىرلا قوزغالدى،
تۇمەنىمىڭ ئىشچى - دېھقانى.

چېچىپ يەنئەن ئادالەتنى،
پاچاقلاپ شۇم جاھالەتنى.
ۋەتەنپەرۋەر بولۇشقا ئۇ،
بېرەر يۈكسەك سائادەتنى.

فرونتلاردا بۈيۈك ئىنسان،
كۈرەش قىلغاچقا، مىليون جان.
فاشىست قانخور ياپونلارنى،
قىلىشتى يەر بىلەن يەكسان،

مانا سانسىز قېرىنداشلار،
قازاق، ئۇيغۇر ۋەتەنداشلار.
ياپون قانخورنى قوغلاشتا،
مۇقام سازىڭنى تەڭ باشلا.

بۇ، مەرھۇم مەرۇپ ئاكىنىڭ «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئېيتقان ۋەتەن توغرىسىدىكى قوشاقلىرىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى يازغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ناملىق سەھنە ئەسىرىدىكى شېئىرلىرى «چەببىيات» مۇقامى ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ نۇرغۇن قېتىم تەشۋىق قىلىنغان. مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئابباسوپ يازغان «پارتىزان قىزى» (ياپونغا قارشى قەھرىمان قىز) ناملىق ھېكايە سەھنىلەشتۈرۈلگەندە، «ناۋا»، «ئۆزھال» مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ تەشۋىق قىلىنغان ۋە باشقىلار.

## 3

«12 مۇقام» جانلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى سۈپىتىدە تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كۈرەش، مېھنەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئىلمىي مەھسۇلى.

«12 مۇقام»دىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلغان، قايسى مەزمۇننى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى ھەم بۇ مۇقاملارنىڭ ئىسىم - ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئېنىق سىنىپىي ھېسسىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

### 1. «راك» مۇقامى

ئەسلى نامى «راھابى» مۇقامى بولۇپ، «راھابى» دېگەن سۆز ئازادلىق تىلەش، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ مۇقامنىڭ ئەسلىدىكى نامى «راك» بولماستىن، بەلكى «راق»، «رەك» مۇقامىدىن ئىبارەت بولغان. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىل تەلەپپۇزلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، «راق»، «رەك» دېگەن سۆزلەر «راك» دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، «راھابى» دېگەن سۆز ئازادلىق تىلەش، كەڭچىلىك، كەڭ كۈشادىلىققا ئېرىشىش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«راق» دېگەن سۆز داۋا بولىدىغان، شىپا بولىدىغان، داۋالىق يولى ئىزلەش، ئىزلىگۈچى، ئالغا بېسىپ ئىلگىرىلەش، دېگەندەك مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

«رەك» دېگەن سۆز تومۇر، تومۇرنىڭ ئۇرغۇشى، چىرايىنى تۈرۈپ غەزەپ بىلەن سۆزلەش، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

«راق»، «رەك» مۇقامىنىڭ ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نېمە ئۈچۈن «راك» مۇقامى دېگەن سۆزگە ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى «راك» دېگەن سۆزدىن پايدىلىنىپ، «12 مۇقام»غا قارىتا بىرەر ئويدۇرمىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. دېمەك، بۇ مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشتىكى مەزمۇننى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە توغرا كەلسە، «راق» مۇقامى ياكى «رەك» مۇقامى دېيىلسە توغرىراق بولىدۇ.

### 2. «چەببىيات» مۇقامى

خورلۇقتىن باش كۆتۈرەلمىگەن ئەمگەكچى خەلق زۇلمەتلىك قاراڭغۇ تۇماننى ئاغدۇرۇپ، نەپىس، گۈزەل يورۇقلۇقنى ئىزلەپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان خەلق قوشاقلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىش مەقسىتى بىلەن بۇ مۇقامنى ئىجاد قىلى-

غان. بۇ مۇقامنىڭ 14ـ ،15ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى نامى «ھۈسەينى» مۇقامى بولۇپ، «ھۈسەينى» دېگەن سۆز نەپىس گۈزەللىكنى ئەسلەش، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى نامى «چەببىيات» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، «چەببىيات»مۇقامىدىكى «چ» ئېھمىنى، قەيەرنى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. «بايات» ئەسلەش، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئېھمىنى ئەسلەش، يەنى گۈزەللىكنى ئەسلەش دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

بۇ يەردىكى «چ»، «ھ» ھەرپلىرى ئېيتىلىشتا تىل تەلەپپۇزىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، «ھەببىيات» دەپ ئېيتىلسا ئەسلى مەزمۇنغا تېخىمۇ يېقىنراق بولىدۇ. يەنى كىچىك «ھ» بىلەن ئېيتىلسا، «قوزغىتىش»، «قوزغاش»، «ئويغىنىش»، «شامال چىقمىدىش ئامىللىرى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. چوڭ «ھ» بىلەن ئېيتىلسا، «گۈزەل زىرائەت»، «زىرائەت ئۇرۇقلىرى ھەم مۇھەببەت» دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

3. «مۇشەۋۋەك» مۇقامى

بۇ مۇقام ئەزگۈچى تەييارتاپ مۇتەھەملەرنىڭ يالغانچىلىق، كاززاپلىق بىلەن كۆڭلى كەچۈرۈشىگە نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىنلىق، توغرىلىق ۋە مەردانىلىق بىلەن تولغان قەلبىنى بايان قىلىپ بېرىش ھەمدە كەمبەغەللەرنىڭ تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئىزھارلاش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇ مۇقامنىڭ 14ـ، 15ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى نامى «راست» مۇقامى ئىدى. «راست» دېگەن سۆز چىنلىق، توغرىلىق دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى نامى: «مۇشەۋۋەك»نىڭ لۇغەت مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، «مۇشەۋۋەر» دېگەن سۆز مەسلىھەت، كېڭىشىش، ئۇلپەتلىشىش، ئۆم بولۇش دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزگە «ك» قوشۇلسا، مۇڭدىشىش، مۇڭزار، كەمبەغەللەرنىڭ مۇڭزارى، چىنلىق، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

4. «چارىگاھ» مۇقامى

بۇ مۇقام قەدىمكى زاماندىكى كونا ئېقىنلاردىن بولغان تارىم، قىزىل، دولان قاتارلىق دەريالار ئارىلىقىدىكى چىمەنلىك، بوستانلىقلاردا ناۋا قىلىشۋاتقان بۇلبۇل قاتارلىق گۈزەل قۇشلارنىڭ كەمبەغەللەر ئارزۇ-ئۈمىدلىرىگە تەڭكەش بولۇۋاتقان خۇشخۇي-يېقىملىق ئاۋازىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. 15ـ ئەسىردىكى نامى «ھىجاز» مۇقامى بولۇپ، «ھىجاز» دېگەن سۆز «دەريا ئارىلىقىنىڭ مەنزىرىسى»دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى. ھازىرقى ئىسمى «چارىگاھ»نىڭ لۇغەت مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، «چار» دېگەن سۆز تۆت، تۆتىنچى، تۆتتۆر، دېگەن مەنانى بىلدۈرسە، «گاھ» دېگەن سۆز ئۈزۈن، ۋاقىت، كۆرۈنۈش، دېگەن مەنانىبىلدۈرىدۇ. «چارىگاھ» دېگەنسۆز بولسا تۆتىنچى مۇقام ياكى تۆت تەرەپنىڭ كۆرۈنۈشى، تۇمان پەردىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن دەريا ئارىلىقىدىكى تۆت تەرەپنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىك كۆرۈنۈشى، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «چارىگاھ» دېگەن سۆز مەنزىرىلىك ئورۇن، ئوتلاق، گۈزەل يايلاق، دېگەن مەنانىمۇ بىلدۈرىدۇ.

5. «پەنجىگاھ» مۇقامى

بۇ مۇقام فېئوداللىدىنىي روھانىيلارنىڭ«كەمبەغەللەر پەس، ئەقىلسىز، خۇدا ئۇلارنى شۇنداق ياراتقان» دېگەن ھاقارەتلىك ئەپسانىلىرىگە قارشى ھالدا، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ يۈكسەك ئىرادە ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كەڭ نامايىش قىلىش مەقسىتىدە

ئىجاد قىلىنغان. بۇنىڭ 14-، 15- ئەسىرلەردىكى نامى «بۇزرۇك» مۇقامى بولۇپ، «بۇزرۇك» دېگەن سۆز ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى. ھازىرقى ئىسمى بولغان «پەنجىگاھ»5- مۇقام، 5- ئورۇندا تۇرىدىغان مۇقام، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

6. «ئۆزھال» مۇقامى

- بۇ مۇقامنىڭ ئەسلىدىكى نامى «كۈچەك» ئىدى. «كۈچەك» دېگەن سۆز كىچىك پېشىللىق دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى، ئۇنىڭ ھازىرقى نامى بولغان «ئۆزھال» دېگەن سۆزدىكى «ئۆز» ئېزىلگۈچى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەزگۈچى فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنى يات، ئۆزلىرىنى بولسا، ئۆز كۆرۈپ، كەمبەغەللەرنىڭ ھالى مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ھالى، دېگەن جارچىلىق سادانى ياڭرىتىش مەقسىتىدە مۇشۇ مۇقامغا «ئۆزھال» مۇقامى، دەپ نامقويغان.

7. «ئىراق» مۇقامى

بۇ مۇقامنىڭ نامى دەريا قىرغىقىنىڭ ئورۇشى، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئەمگەكچى خەلق ئۆز ۋۇجۇدىدىن چىققان قان ۋە تەرنىڭ كۈچلۈك ئېقىمىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۆتۈرگەن غەزەپ دولقۇنلىرىنىڭ ئورنىدا زۇلۇم دەرياسىنىڭ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇشى لازىملىقىنى ئىزھارلاش مەقسىتىدە بۇ مۇقامنى ئىجاد قىلغان.

8. «ناۋا» مۇقامى

بۇ مۇقامدىكى ناۋا سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى جاسارەت، كۈچ-قۇدرەت دېگەن بولىدۇ. بۇ مۇقام دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچاق، كۈچسىز، بىچارە مەخلۇقلار — بايلار، جاسارەت ۋە كۈچ-قۇدرەت ئىگىلىرى — قۇللار، كەمبەغەللەر دېگەن پىكىرنى دەلىللەش مەقسىتى بىلەن ئىجاد قىلىنغان. بۇ مۇقامنىڭ ئەسلىدىكى ۋە ھازىرقى نامى ئوخشاشلا «ناۋا» مۇقامى.

9. «ئوششاق» مۇقامى

ئوششاق دېگەن سۆز «ئاشىقلار»، «پىدائىيلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ئاشىقلىق ۋە جاسارەتلىكلىكگە قارىتىلغان. يەنى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىچىدىكى ئاشىقلىق، مۇھەببەت دېگەن نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە، ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپا ۋە پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئاشىقلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ ئاق كۆڭۈل مېھنەتكەشلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، كەمبەغەللەرنىڭ قاياشى كەمبەغەللەر ئىكەنلىكىنى، جاھاندىكى ھەممە كەمبەغەللەرنىڭ قەلبىنىڭ بىر، ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى - ئاپەتنىڭ ھەممىسىلەن ئورتاق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئومۇمىي قانۇنىيەت يۈزىسىدىن بۇ مۇقام ئىجاد قىلىنغان.

10. «بايات» مۇقامى

بۇ مۇقام يىراق ئۆتمۈشتىكى شەھەرلەرنىڭ قاپقارا تۇتەكلىرى ئىچىدە داد - پەرياد چېكىپ، دارغا ئېسىلىۋاتقان، گۇلاخ، مەيخانىلاردا خورلىنىۋاتقان، ئاچ - يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كەمبەغەللەر ۋە يېتىم - يېسىرلارنىڭ زارىنى بايان قىلىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇ مۇقامنىڭ ئەسلىدىكى نامى «ساباھان» مۇقامى بولۇپ، «ساباھان» دېگەن سۆز شەھەر كۆرۈنۈشى، دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى. بۇ مۇقامنىڭ ھازىرقى نامى بولغان «بايات» سۆزىدىكى «ت» ھەرپى «د» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ سۆز «بايات» ئەمەس، باياد دەپ، ئېيتىلسا توغرا بولىدۇ. «باياد» ئەسلەش دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. «باياد»، «ئەبيات» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، «ئەبيات» دەپ ئېيتىلسا، شېئىر، قوشاق مۇ-

ناجات قاتارلىق مەنالاردا بولۇپ، شەھەركۆرۈنۈشىنى ئەسلەش توغرىسىدا يۇقىرىقى مەزمۇنلار بويىچە يېزىلغان شېئىر، قوشاقلارنىڭ مەنىسىنى مۇشۇ مۇقام ئاھاڭى ئارقىلىق بايان قىلىش، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**11. «ئەجەم» مۇقامى**

بىز ئالدى بىلەن بۇ مۇقامنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئەجەم» دەپ ئاتالغانلىقى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى: سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى ئەرەب ئەمەلدارلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارنى ياكى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان ئۇيغۇرلارنى ئەجەم دەپ ئاتىغان. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا ـ سازلىرىنى كەمسىتىپ، بۇ شەيتاننىڭ يېلى، ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدىغان ئەجەملەرنىڭ پەيلى، دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، فېئودال ئەزگۈچىلەر ئۇسسۇللۇق ناخشا، ساز ئويۇنلىرىنى كەمسىتىپ ۋە چەكلەپ، «ئەجەم» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالغان. ئۇلار پەس كۆرۈپ كەمسىتكەن نەرسىلەر كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئەزىز بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۇسسۇللۇق ناخشا، ساز، مۇزىكا مۇقاملىرىنى ئەزگۈچىلەرگە قارىتا راست سەنلەرنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ «راست ئەجەم»، بىز سىلەرگە يات، سىلەرگە نىسبەتەن بىز ئەجەم، دېگەن مانا مۇشۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى «ئەجەم» نامىلىق بۇ مۇقام مەيدانغا كەلگەن.

**12. «سىگاھ» مۇقامى**

بۇ مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئارىسلانلىق، كۆرەشچانلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇنىڭ قەدىمكى نامى «بۇسلىك» مۇقامى بولۇپ، «بۇسلىك» دېگەن سۆز ئارىسلاننى ھەيران قالدۇرۇش، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى نامى بولغان «سىگاھ» دىكى «س» ھەرپى ئىپتىدائىي تىل تەلەپپۇزىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن «ش» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەتكەن بولسا، لۇغەت مەنىسىدە «سىگاھ» يەنى «شىگاھ» دېگەن سۆزلەر مەپتۇن بولغۇچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەپتۇن ـ ھوشسىزلىقتىن ئويغىتىش، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، بىز «12 مۇقام» دېگەندە چوقۇم ئۇنىڭ سىستېمىلىق ئاھاڭ، ساز، مۇزىكا، مەشرەپ ـ نەغمىلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. چۈنكى، «12 مۇقام» ئاھاڭلىرى قارىمۇ قارشىلىق كۈرىشى ئىچىدە داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەبىئىي ئاپەت ۋە ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى ئېلىپ بارغان نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىۋى كۈرەش تارىخىنىڭ روھى تولۇق سىڭدۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخ ۋە ئەسىرلەر جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈزلىگەن، مىڭلىغان مۇقام ئاھاڭ تارماقلىرىنى ئىجاد قىلىپ ھەم ئۇنى قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا قەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ھازىرقىدەك مۇكەممەل «12 مۇقام» شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «12 مۇقام»نىڭ قانداق پەيدا بولۇپ، كىملەر تەرىپىدىن نېمە مەقسەت بىلەن ئىجاد قىلىنغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات ۋە مۇلاھىزە بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل تىڭشاپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ كۆردۇق، چۈنكى، ھەر قايسى مۇقاملار ئۆز سىستېمىسى بويىچە چېلىنىپ ئاخىرلىشىپ، پەدە يۆتكەش باسقۇچىغا كەلگەندە تەمبۇر، دۇتار، قالۇن-

لارنىڭ تارىخلىرىدىن يېقىملىق جارائگلاپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، ئۇزاق ئۆتمۈش ئەسىرلەرنىڭ زۇلمەتلىك كىشەنلىرىنى، كونا زاماننىڭ نالە - پىغان، مۇڭ - زارلىرىنى ھېكايە قىلىدۇ، شۇنىڭدەك تارىختىكى زالىم فېئودال ۋاڭلار، قانخور ھاكىم-بەگلەر، رەھىمسىز بايلارنىڭ زۇلمىغا قارشى غەزەپلەنگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش، ئېقىۋاتقان قان - تەر، ئوتتەك يانغان غەزەپلىك كۆزلەرنى، قەيسەر قەھرىمانلىقنىڭ گەۋدىلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۆتمۈشتىكى قارا تۇمانلار ئىچىدە تۇرۇپ بۈگۈنكىدەك ئەركىن، بەخت-سائادەتلىك كۈنگە تەلپۈنۈپ، بۇلبۇل ناۋا قىلىۋاتقان يېڭى چىمەنلىكلىرى، شادخۇرام ئۇسۇۋاتقان ئەمگەكچىلەر ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ توي كۈلكىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. دېمەك، «12 مۇقام»نىڭ ئوبيېكتىپ قۇرۇلۇشىدىن يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي مەۋجۇدىيەت جارائگلاپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئەمەلىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىمۇ «12 مۇقام»نىڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىجابىي تۆھپىسى ئىكەنلىكىنىڭ كەم-كۈتىسىز پاكىتىدۇر.

«12 مۇقام»نىڭ 14-، 15- ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى شۇنداقلا ھازىرقى ناملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ئىسلام دىنىغا بويسۇندۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن مەدەنىيەت ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزۈپ، بارلىق ئۇيغۇرچە ماتېرىيال، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، ناخشا-سازلارنىڭ ناملىرىنى ۋە باشقا ئاتالغۇلارنىڭ مەزمۇنىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدۇ دەپ ھېساپلاپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ناملىرىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەممىنى دېگۈدەك ئەرەبچە، پارسچە ئاتاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇ چاغدىكى بەزى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر، ئەمەلدار يۇقىرى تەبىقە تالىپلىرى ئەرەبچە، پارسچە سۆزلىگەنلەرنى بىلىملىك زىيالىي ھېساپلىغان. دېمەك، سىرتتىن كىرگەن ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، «12 مۇقام»غا مۇناسىۋەتلىك بولغان ناخشا- سازلار ئاھاڭلىرىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بەزى مۇقاملارنىڭ ھازىرقى نامى بىلەن بۇرۇنقى نامى ئوخشاشماي قالغان.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، ئايرىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا «12 مۇقام» چەتتىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەنگە ئوخشاش ئەپسانە خاتا قاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇنداق قاراش تارىخىي ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە پۈتۈنلەي خىلاپ. تارىخچى شاڭ دا بۇھەقتە (640- يىللىرى): «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، نەغمە، ناخشا - ئۇسسۇللىرى ھىندىستانغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن»، دېگەن.

7-، 8-، 9- ئەسىرلەردە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا، مۇقام، ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراق قاتارلىق جايلارغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

15 - ئەسىردە يەكەنگە ئىراق، ئىران، كەشمىر، ئەنجان، خارەزم، پەلەستىن، دېھچىق (ھىندىستان) قاتارلىق نۇرغۇن چەتئەللەرنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن ئادەملەر كېلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا، مۇقام ئالىمى يۈسۈپ قەدىرخاندىن ناخشا، مۇقام، سازلارنى ئۆگىنىپ كەتكەن.

تارىخچى لى چەنسەننىڭ «سۇڭ، تاڭ ئەلنەغمىلىرى» (گومورو تەرجىمە قىلغان) دېگەن تەتقىقات كىتابىدا، كۇچانىڭ 12 رىتىملىق كۈيى قانۇنىيىتى ياپونىيە مۇزىكىچىلىقىدا

كۆپ يېڭىلىق پەيدا قىلغان، دەپ يېزىلغان.

ئەزەربەيجان رېسپوبلىكىسىنىڭ تارىخ ئالىمى مىرزا ئىبراھىموۋ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان، يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن 12 مۇقام، مۇزىكىسى باشقا مىللەت مۇقاملىرىنىڭ ئاتىسى» دەپ كۆرسەتكەن......

قىسقىسى، «12 مۇقام» ھېچقانداق چەتئەللىكنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت ئىلمىگە قوشقان ئىجابىي تۆھپىسى، مەملىكىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا ئاھاڭ بايلىقى. بىزنىڭ «12 مۇقام» مىز ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب، ھىندىستان قاتارلىق چەتئەللەر ۋە رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ سىمفونىيە، مۇزىكا، نەغمە، مۇقام ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ سىستېمىسىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## 4

## «12 مۇقام»نىڭ خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان بىرلىك مۇناسىۋىتى

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئاساسى قىلغان. «12 مۇقام»نىڭ ئەسلىدىكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەربىر قىسىمدىكى رىتىمنىڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلى ئاساسلىق كۈي شەكلىنىڭ ئالمىشىش ئۇسۇلىدۇر. «12 مۇقام»دىكى مۇزىكىنىڭ تۈركۈمگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭ- كىچىك داستان، مەشرەپ، نەغمە، مەرغۇللىرىدىكى ئاھاڭلارنىڭ ھەممىسى ۋەقەلىك جەھەتتىن كۈچلۈك خاراكتېرلىك مەزمۇنغا ئىگە. شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىش، كۆپىيىش، راۋاجلىنىش، تەرەققىي قىلىش تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ھەر قانداق بىر خەلق ناخشىسى ھەربىر ئورۇننىڭ تەبىئىي شارائىت، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئەكس ئېتىشىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى ئۇسلۇب، شۇ بويىچە لېرىكىلىق، يېقىملىق، جاراڭلىق، لەرزان ئېيتىلىدىغان، مۇرەككەپ رىتىملارغا ئىگە ئاھاڭلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەر بىر خەلق ناخشىسى تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى خەلق تۇرمۇشىنى ئىخچام قوشاقلار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەزمۇنلۇق ئاھاڭغا ئىگە بولغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب، رىتىم جەھەتتىن ئالغاندا، «12 مۇقام» بىلەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى گۆش بىلەن سۆڭەكتەكىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش زىچ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇبتىكى خەلق ناخشىلىرى كۆپىيىپ، سىستېمىلىق ئاساستا رەتلىنىپ، «12 مۇقام»نىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماق قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ، «12 مۇقام»نى بېيىتقان. مەسىلەن: خوتەن خەلقى ئىچىدە كەڭ تارالغان، «خوتەن سەنەمى» دەپ ئاتالغان سەنەم بىلەن «چەبىيات سەنەمى»نى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ خەلق ناخشا- مۇزىكىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن قويۇقلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇقامنىڭ ئۆزىگىمۇ نۇرغۇن خەلق ناخشىلىرى كىرگۈزۈلۈپ سىستېمىلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى ۋە تېكىستى ئوچۇق، چۈشىنىشلىك بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تۇيغۇسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

مەسىلەن:

نازىمەن ئاي نازىمەن،
باغدا پىشقان نازىمەن.
بىۋاپالىق قىلغۇچە،
ئۆلگۈنۈمگە رازىمەن.

ئىشىك ئالدى ھەر تاللا،
شاخ - شاخىدا مارجانلار.
بىزنى دېگەن يارانلار،
ھەر كوچىدا ۋەيرانلار.

(«راك» مۇقامىنىڭ سەلقەسىدىن).

ئىرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تېشىنى،
دەرد كەلگەندە تۇتۇپ بولماس كۆزنىڭ يېشىنى.
قارچۇغامنى قوشلاتمىغان تاغلار قالمىدى،
ياردىم بىلەن ئوينىمىغان باغلار قالمىدى.

(«چەببىيات» مۇقامىنىڭ داستانىدىن).

ئۇزاق تارىختىن بۇيان خەلق ئىچىگە تارالغان «غېرىپ - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن»، «تاھىر - زۆھرە»، «لەيلى - مەجنۇن»، «چىن مودەن»، «ھەمراھ ۋە ھۆرلىقا»، «يۇسۇپ - ئەخمەد» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنىڭ ئاھاڭ ۋە بېيىت - نەزمىلىرى «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىنى ئاساس قىلغان ۋە «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىنى ئاساس قىلغان خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: «غېرىپ - سەنەم»دىكى 42 ناخشا - ئاھاڭ، «تاھىر - زۆھرە»دىكى 18 ناخشا - ئاھاڭ، «لەيلى - مەجنۇن»دىكى 27 ناخشا - ئاھاڭ (ئاقسۇدا قويۇلغان)، «پەرھاد - شېرىن»دىكى 21 ناخشا - ئاھاڭ، «چىن مودەن»دىكى 17 ناخشا - ئاھاڭ، «ھەمرا ۋە ھۆرلىقا»دىكى ئۈچ ناخشا - ئاھاڭ، «يۇسۇپ - ئەخمەت»تىكى تۆت ناخشا - ئاھاڭنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «12 مۇقام» ئاھاڭلىرى بىلەن ئېيتىلىپ كەلمەكتە. دېمەك، تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستان، مەشرەپ، ھېكايىلىرىنىڭ نەزمە- بېيىتلىرى «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىسىز، «12 مۇقام» خەلق ناخشىلىرىسىز تەرەققىي قىلغان ئەمەس. شۇنداقلا «12 مۇقام» سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ مەيدانغا چىققاندىن كېيىن خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىياتى «12 مۇقام»سىز زورايغان ئەمەس. بۇ مەسىلە سەنئەت ئىلمىدىكى بىر خىل ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ دىئالېكتىكىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قەيەرنىڭ (مەيلى قەشقەر ياكى ئىلىنىڭ بولسۇن) ئىككەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر خەلق ناخشىسىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ باش، ئوتتۇرا، ئاخىرى ياكى ياندۇرۇش، تۇراق، ئۇدار، رىتىملىرىنىڭ بىرەر قىسمىدا ياكى ھەممىسىدە «12 مۇقام» نىڭ قايسىبىر تارماقلىرىدىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاھاڭ، ئۇسلۇب، شەكىللىرى بولىدۇ. «12 مۇقام»نى يۈكسەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تۈپ قارىغاي دەپ قارىساق، خەلق ناخشىلىرى ئۇنىڭ ياپراق ۋە يىلتىزلىرىدىن ئىبارەت بولغان بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ بىر خىل دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. مەسىلەن: تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىرغاقلىرىغا جايلاشقان مەكىت، مارالبېشى، كورلا، چارقىلىق قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن خەلق ناخشىلىرى ۋە ئون نەچچە خىلغا بۆلۈنىدىغان دولان سەنئەتلىرىمۇ «12 مۇقام»نىڭ تەركىبىي قىسمىغا كىرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاھاڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە مەردانە، جاراڭلىق بولۇپ، چىمەنلىك يايلاق ھاياتىنى ئەسلىتىدۇ. قەشقەر «12 مۇقام» ۋە خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئانا ماكانى، بۇ رايوندىكى خەلق ناخشىلىرىنى سىستېمىلىق تۈردە رەتلەپ چىقىدىغان بولساق، يۈزلىگەن، مىڭلىغان خەلق ناخشىلىرى تېپىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ مۇقامدىن خالى بولمىسا

كېرەك. بۇنىڭدىن مۇنداق تىپىك ئىككى مىسال ئالساق، يەنى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان «مىزانگۇلۇم» دېگەن خەلق ناخشىسى«ئىراق» مۇقامىدىن؛ «ئەرزىم دادەي» دېگەن خەلق ناخشىسى «سىگاھ» مۇقامىنىڭ مەشرەپ قىسمىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، كۇچا خەلق ناخشىلىرى 170 نەچچىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىكى «لەيلىمەن يالا»، «ئوينىناڭ دەردى بار باللا»«پەنجىگاھ» مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. تۇرپان خەلق ناخشىلىرىمۇ خۇددى شۇنداق. تۇرپان خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاتاقلىق «زېمىن داستانى»نىڭ ئاھاڭلىرى «سىگاھ» مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. قۇمۇلنىڭ 127 ناخشىدىن تەركىب تاپقان 12 مەشرىپى (قۇمۇل مۇقامى [دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئوخشاشلا «12 مۇقام»نىڭ ھەر خىل داستان، مەشرەپ، نەغمە سازلىرىدىن پايدىلىنىپ، قۇمۇل شىۋىسىگە ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. ئىلى خەلق ناخشىلىرىمۇ خۇددى شۇنداق. مەسىلەن: ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يېقىملىق، رىتىملىق، جاراڭلىق، مەردانە بولۇشىدىكى سەۋەب ئاھاڭ ۋەقەلىكىنىڭ خاراكتېرىگە، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي كۆرەش شارائىتىغا يۈكسەك ماھارەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە. ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا ھەر قايسى ۋەقەلىككە ئىگە قوشاقلارغا «12 مۇقام» نىڭ ھەر قايسى تارماقتىكى ئاھاڭلىرىنىڭ ماس كېلىدىغانلىرى تاللىۋېلىنىپ، شۇ ۋەقەلىككە ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا ئۆزگەرتىپ ئىجاد قىلىنغان، سىڭدۈرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلى ناخشىلىرىنىڭ قايسى بىرىدىنى قوشاقسىز تەمبۇر، غىجەك، دۇتار، ساتار بىلەن چالساق، ئۇنىڭ سادالىرى شۇنداق بىر مەزمۇنغا ئىگە ۋەقەلىكنى سۆرەتلەپ بېرىدىغان ھېسسىياتنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئىلى خەلق ناخشىلىرى سىستېما، رىتىم، ئۇدار جەھەتتىن ئەلا يۇقىرى نوتىلىق سەۋىيىگە ئىگە. خەلق ناخشىلىرى مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي تۇرمۇش، دەۋر ئۆزگىرىشى خاراكتېرىگە ئىگە ۋەقەلىكنى مەزمۇن قىلغان ئاساستا پارچە - پارچە بۆلەكلەر بويىچە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ يېتىشكەن. مەسىلەن: «ئۆستەڭ»، «كۆچ-كۆچ»، «سىپىل»، «جۇنۇن» قاتارلىق ناخشىلارنى ئالساق، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى«ئۆستەڭ» ناخشىسى ئىلى خەلقى ئارىسىدا 50 يىلدىن بۇيان ئېيتىلىپ كەلمەكتە. يۈرەك قان ـ تەر بەدىلىگە فېئودال بەگلەر ئۈچۈن ئۆستەڭ قېزىپ، سۇسىزلىقتىن قۇرۇق قاقشال بولۇپ كەتكەن ئەمگەكچى دېھقانلار:

ئۆستەڭنىڭ سۇيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر،
ھاشا بىلەن توسماقچى.

دېگەن مەزمۇندىكى ئورغۇن قوشاقلارنى «چەببىيات» مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئوقۇپ، شاكىيۇ بەگلەرگە قارشىلىق بىلدۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، «جۇنۇن»، «سىپىل» قاتارلىق ناخشىلاردا «ئوششاق»مۇقامىنىڭ نەغمە، داستان ئاھاڭلىرى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ.

شۇ زاماندىكى ئىلى سېپىلىنىڭ ئىچىدە فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران غوجاملار، تۆرە، بايلار تۇراتتى. «سىپىل»، «جۇنۇن» ناخشىلىرىغا سېلىنغان قوشاقلار شەھەر ئىچىگە جايلىشىۋالغان ئاشۇ خىلدىكى تەييارتاپ ئاق سۆڭەكلەرگە قارشى تەسىرلىك رول ئوينىغان. مەسىلەن:

سۇلتان غوجام سورايدۇ،
«سىپىل سوققانلار نەلىك».

بىز بەككە نېمە قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.
يۈرەك باغرىم پارە ـ پارە،
كۆز يېشىم قاندىن.

«گۈلەمخان» «1ـ، 2ـ، 3ـ »، «دەردى ھۇسەيىن» قاتارلىق ناخشىلار:

گۈلەمخانىنىڭ نەسلى يۈرتى،
ئويمان بۇلاقتۇر.
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان،
شاڭيۇ چولاقتۇر.

شاڭيۇلار يامان دەيدۇ،
بىزنىلا كۆرەمدىكىن.
تىللىماي قويۇپ بەرسەڭ،
شۇ چاغدا بولامدىكىن؟!

دېگەن قوشاقلار بىلەن ئېيتىلسا، ئۇلارنىڭ «ئۆزھال» مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭلىرىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، «ناۋا» مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرىدىن ئېلىنغان:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

دېگەن قوشاقلار بىلەن ئېيتىلغان «ئۆرگىلەي ناخشىسى» «ئەجەم» مۇقامىنىڭ مەشرىپىدىن ئېلىنغان.

كېچە ـ كۈندۈز ئومائورۇساق،
ئۈنچە بىلەن باغ قالدى.
قولىمىزغا ئاش تەگمىدى،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

دېگەن قوشاق بىلەن ئېيتىلغان ئورما ناخشىسى (1ـ، 2ـ، 3ـ ) «چەببىيات» مۇقامىنىڭ 2ـ مەشرىپىدىن ئېلىنغان.

بايىنىڭ باللىرى دەيدۇ،
بىر ـ بىرىدىن دودەن.
يامۇلدا تولا ياتتىم،
قانداق قىلىمىز مودەن.

دېگەن قوشاق بىلەن ئېيتىلغان «چىن مۇدەن» ناخشىسى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئىلى سەنەملىرىگە دائىر 15 ناخشىنى ئالساق، بۇ ناخشىلار «چەببىيات» مۇقامىنىڭ بىرىنچى داستان قىسمىغا دائىر ئاھاڭلاردىن ئېلىنغان. قىسقىسى، دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئىلى ناخشىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «12 مۇقام»غا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، مەيلى قەدىمكى ئېيتىلىشى، ئاھاڭنىڭ ئۆز نۇسخىسى بولسۇن، مەيلى ھازىرقى ئېيتىلىۋاتقان بويىچە بولسۇن، ھەممىسى شۇنداق. مەسىلەن: كونا جەمئىيەتتە ئىلى رايونىدا خورلانغان مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان نامراتلار، قاراڭغۇ زىنداندا ئازابىنى كۆرۈپ، خاڭ ئاستىدا ئىشلەيدىغان ساناقسىز ئىشچىلار، ھەرخىل ھۈنەرۋەنچىلىكتە شاگىرت بولۇپ ئىشلەيدىغان سەرگەردان يېتىم ـ يېسىرلەر، شاڭيۇ ـ غوجاملارغا قول ئورنىدا ئىشلەيدىغان ياللانما دېھقانلار، مويكا، «ھۈسەنباي» زاۋۇتلىرىدا ئىشلەيدىغان ماكانسىز ئىشچىلار خورلۇققا، زۇلۇمغا قارشى قو-

www.uyghurkitap.com

شاقلار بىلەن توختىماي ناخشا ئېيتاتتى. بولۇپمۇ، مەسۇم توقۇم، مەشرەپ ئاخۇن، ناۋاتخان ئاچا قاتارلىق كەمبەغەل ئىشچىلار (ناۋاتخان ئاچا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلگەن) ھەر قېتىم ناخشا ئېيتقاندا، «12 مۇقام»غا دائىر 30 ـ 40 ناخشىنى بىراقلا ئېيتىپ ئاندىن توختايدىكەن. ئۇلار قايسى بىر ۋاقىتتا ناخشا ئېيتسۇن، ئوخشاشلا «12 مۇقام»نىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمىدىن باشلاپ، «ئاھ ئۇرارمەن»، «دەردىڭ يامان»، «ئەرزىم دادەي» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرىدىكەن. مەسىلەن: «راك» مۇقامىنىڭ: «يارنىڭ كۆڭلىنى سەن شاد ئەيلىگىن، يۈز تۈمەنىمىڭ قايغۇدىن بىر يولى ئازات ئەيلىگىن» دېگەن شېئىرلىرىدىن باشلاپ،

بۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،<br>
بالاغا قالارمەنمۇ.<br>
جاپانى تولا تارتىپ،<br>
ھالاۋەت كۆرەرمەنمۇ.

دېگەن خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرىدىكەن. دېمەك، «راك» مۇقامى بىلەن باشلانغان ناخشىنى «سىگاھ» مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ ئېيتىدىكەن.

يۇقىرىقىلار «12 مۇقام»نىڭ خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان بىرلىك مۇناسىۋىتىنى دەلىللەشتىكى يېتەرلىك پاكىتلاردۇر. دېمەك، «12 مۇقام» سىنىپىيلىكى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تەشۋىقات قورالى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىدىنىڭ بىرىدۇر.

(بېشى 43 ـ بەتتە)

ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇشتا، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇھاكىمە يىغىنىدا يەنە، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش روھى بويىچە، ئەپيۇن ئۇرۇشىغا ۋە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن باشلانغانمۇ؟ ئەپيۇن ئۇرۇشى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا زادى قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ ئەجنەبىيلەردىن ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى دېيىشكە بولامدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جىددىي مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ، يىغىن كەيپىياتىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا بولغان چۈشەنچىلەرنى تېخىمۇ بېيىتتى، چوڭقۇرلاشتۇردى.

مۇھاكىمە يىغىنى مەزگىلىدە، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى رۇيخۇەن يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى، خۇچياۋمۇ، شاۋكې، دىڭ لىچيۈن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىننى تەبرىكلىدى.

### ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

# بېيجىڭدا خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز. ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ يىل 8 - ئايدا بېيجىڭدا خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

جۇڭگو خەلقئارا مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخ تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى، لومېن، لىن زېشۈي خاتىرە سارىيى، ئەپيۇن ئۇرۇشى مۇزېيخانىسى قاتارلىق 25 ئورۇننىڭ تەشكىللىشى، يىغىن تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت پۇختا تەييارلىق كۆرۈشى بىلەن ئېچىلغان بۇ يىغىن ئۈچ كۈن (8-ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە) داۋام قىلىپ، ئالدىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىپ، تولۇق مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى بىر كاتتا يىغىلىشى بولۇپ، يىغىنغا 140 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن تەتقىقاتچى ھەمتىمىن يۇسۇپ باشچىلىقىدا 3 ۋەكىل بار. ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيىنىڭ يەتتە نەپەر، تەيۋەننىڭ ئىككى نەپەر ۋەكىلى بار.

مۇھاكىمە يىغىنى 120 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئەپيۇن ئۇرۇشى بىلەن لىن زېشۈي ھەم ئۇنىڭ ئەپيۇن چەكلەش پائالىيىتى، ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى، ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە دېڭىز مۇداپىئە ئىشى ھەم جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى جۇڭگو ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت توقۇنۇشى ھەم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسلىرىدىن چېڭ خەنشېڭ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشى توغرىسىدا يازغان ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مۇھاكىمە يىغىنى باشتىن-ئاخىر قىزغىن ئۆتتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئەپيۇن ئۇرۇشى ئەنگلىيە قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەتكە ئايلىنىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش - مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشىدۇر؛ ئەپيۇن ئۇرۇشىنى ۋە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ھازىرقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات

(ئاخىرى 42 - بەتتە)

# ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى

مۇھەممەت روزىيوپ، نىغمەت

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا ئەپيۇن سېتىش ۋە ئەپيۇن چېكىش مەۋجۇت ئىدى. بۇ چاغدا ئەپيۇن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنەتتى، بەلكى شىنجاڭنىڭ غەربىي، جەنۇبىدىكى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈلەتتى. مەسىلەن: دۇنيا ئەپيۇن سودىگىرى دەپ ئاتالغان ئەنگلىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي، جەنۇبىي دېڭىز قىرغاقلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئەپيۇن هايانكەشلىكى قىلغاندىن باشقا، غەربتە كەشمىر، باداقشەن، ھىندىستان ھەم قوقان ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەپيۇن كىرگۈزەتتى. بۇ چاغدا يەنە، چار روسىيە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سودىگەرلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەپيۇن كىرگۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بىۋاسىتە سېمىپالاتىنسكى ئارقىلىق شىنجاڭغا زور كۆلەمدە ئەپيۇن كىرگۈزەتتى. شۇڭا ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا شىنجاڭنىڭ تەڭرىتېغى ئەتراپلىرىدا ئەپيۇن هايانكەشلىكى بارلىققا كەلگەن ئىدى. كورلا، قارا شەھەر، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئەپيۇن ساتقۇچىلار بار ئىدى. شىمالىي شىنجاڭدا ئەپيۇن ئېلىش - سېتىش جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. بەلكى نۇرغۇن ئەپيۇن قۇمۇل ئارقىلىق شەنشى، گەنسۇلارغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى. ئەپيۇننىڭ شىنجاڭغا سىرتتىن كىرگۈزۈلۈپ سېتىلىشى ئاق كۈمۈشنىڭ زور مىقداردا سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەم كۈمۈشنىڭ قىممەتلەپ كېتىشى، يارماقنىڭ پاخاللىشىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالنى كۆرگەن داۋگۇاڭخان 1839 - يىلى «ئەپيۇن زەھەرلىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ، يىراقتىكى شىنجاڭغىمۇ تارالدى ... دەپ قاراپ، جايلاردىكى جياڭجۈن، دوتۇڭ، مەسلىھەتچى، ئىش بېجىرگۈچى، لەشكەر بېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار ۋە مۇسۇلمان بەگلەرگە بۇنداق ھەرىكەتنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش، قىلچىمۇ بىمەخەستەلىك قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى».① بۇنىڭدىن باشقا، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى يەنە، 1839 - يىلىنىڭ بېشىدا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ چېگرا رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئەپيۇن چەكلەش نىزامى تۈزۈپ چىقىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، 1839 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى تۈزۈپ چىققان بەش ماددىلىق ئەپيۇن چەكلەش بەلگىلىمىسىنى تەستىقلىغان ئىدى، ئۇنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا، قەستەن ئەپيۇن ساتقان چەتئەللىك هايانكەشلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن، دەپ، ئىككىنچى ماددىسىدا چەتئەللىك ئەپيۇن هايانكەشلىرىنىڭ ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈشى قاتتىق چەكلەنسۇن، دەپ؛ ئۈچىنچى، تۆتىنچى ماددىلىرىدا بولسا، شىنجاڭدا ھەر قانداق كىشىنىڭ ئەپيۇن تېرىشىغا ۋە ئېلىپ - سې-

تىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ئەپيۇن چېكىش ئۇسكۇنىلىرى ياسىشى، ئەپيۇنخانا ئېچىشى قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، «ھەر ئون ئائىلىگە بىردىن باشلىق، ئون دۇكانغا بىردىن گۇرۇپپا باشلىقى قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۆزئارا نازارەت قىلدۇرغان ئىدى»②. مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ئورگانلىرى يەنە دىپلوماتىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەنگلىيە، چاررۇسىيە ھۆكۈمەتلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەپيۇن چەكلەش توغرىسىدىكى قارارلىرىنى يەتكۈزگەن ھەم ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە بولسا، ئەپيۇنكەشلەر ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئەپيۇنلىرى مۇسادىرە قىلىنغان، خىلاپلىق قىلغۇچىلارقولغا ئېلىنغان ئىدى. 1839 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1840 - يىلىنىڭ بېشىغىچە يەكەندىنلا ئەنگلىيە، چار روسىيە ئەپيۇن سودىگەرلىرىنىڭ 97.979 سەر ئەپيۇنى قولغا چۈشۈرۈلگەن؛ 1841 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوقان ئەپيۇن سودىگەرلىرىنىڭ 4800 سەر ئەپيۇنى مۇسادىرە قىلىنغان؛ 1839- يىلى ئۈرۈمچىدىنلا ئەپيۇن ئەنزىسىدىن 30ى پاش قىلىنغان ۋە بىر تەرەپ قىلىنغان ئىدى. لېكىن، 1840- يىلى پارتلىغان ئەپيۇن ئۇرۇشىدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى، نۇرغۇنلىغان تەڭسىز شەرتنامىلەرنى تۈزدى، نۇرغۇن ئۇرۇش چىقىملىرىنى تۆلىدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىك، قالاق، تەسلىمچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئەپيۇن ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر دۆلەتلەرگە زور مىقداردا ئۇرۇش چىقىمى تۆلىگەنلىكىنى ھەم مەملىكەت ئىچىنىڭ مالىمانچىلىقىنى باھانا قىلىپ تۇرۇپ، شىنجاڭ چېگرىسىنىڭ غەربىي مۇداپىئە چىقىمىنى ئازايتىۋەتتى. 1850 - يىلى مەنچىڭ خانلىقى يەنە شىنجاڭ چېگرىسىدىكى ئەسكەرلەر سانىنى قىسقارتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چېگرا مۇداپىئە كۈچىنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ئەھۋال جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدا تاجاۋۇزلۇق، بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىشىغا تېخىمۇ قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە شىنجاڭنىڭ غەربىي، جەنۇبىي رايونلىرىغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى تېزدىن كۈچەيتتى. نەتىجىدە، چاررۇسىيە 1851 - يىلى زورلۇق بىلەن «ئىلى - تارباغاتاي سودا نىزامى»، 1858 - يىلى «تارباغاتاي تۆلەم كېلىشىمى»، 1860 - يىلى «بېيجىڭ كېلىشىمى»، 1864 - يىلى «غەربىي چېگرىنى ئايرىش كېلىشىمى»، 1870 - يىلى «تارغاباتاي چېگرا كېلىشىمى»، 1881 - يىلى «ئىلى پۈتۈمى»، 1883 - يىلى «كىبوت - تارباغاتاي چېگرا كېلىشىمى» قاتارلىق تەڭسىز كېلىشىملەرنى تۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئورنىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مۇشۇ كېلىشىملەر تۈپەيلىدىن، چاررۇسىيە شىنجاڭدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە يەۋقۇلئاددە ھوقۇققا ئېرىشىۋېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قان تومۇرىنى شوردى. مەسىلەن: شىمالدا ئىلى، چۆچەك، جەنۇبتا قەشقەر، يەكەن ئارقىلىق شىنجاڭغا ئۆزلۈكسىز ئەپيۇن كىرگۈ-

زۇپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئىقتىساد، ساقلىق، مەنىۋى جەھەتلەردە ئىنتايىن زەئىپلەشتۈردى. 1913 - يىلدىن ئىلگىرى غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا، 1913 - يىلدىن كېيىن ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئەلچىخانا قۇرۇۋالدى ھەم بۇ ئەلچىخانىلاردا مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر تۇرغۇزدى، ئۇلارنىڭ سانى 100 دىن ئېشىپ كەتتى. ③

چارروسىيە ئەلچىخانىلىرى روسىيە سودىگەرلىرىنى جۇڭگوغا باج تۆلەتكۈزمەيدىغان، ئۆزى خالىغانچە سودا ماركىلىرى تارقىتالايدىغان، جۇڭگو پۇقرالىرىنى روسىيە پۇقراسىغا ئۆتكۈزۈۋالالايدىغان ئالاھىدە ھوقۇقلارغا ئېرىشىۋالدى.

ئەينى چاغدا روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭدا ناھايىتى تېزلىك بىلەن كۆپەيدى. مەسىلەن: 1898- يىلى ئۈرۈمچىدىكى روسىيە سودىگەرلىرى 200 ئەتراپىدا بولغان بولسا، 1907- يىلىغا كەلگەندە 800 دىن ئېشىپ كەتتى.④ شۇنداق قىلىپ روسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئومۇمىي سودىگىرى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

چارروسىيە ئۈرۈمچىدە سەككىز چوڭ بانكا، 30 دىن كۆپ ماگىزىن ئېچىۋالدى، بۇ بانكىلاردا ساقلانغان مەبلەغ نەچچە مىليون رۇبلىغا يەتتى، ھەتتا ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تارماق بانكىلارمۇ قۇرۇۋالدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت-ئىمپورتىنى مونوپول قىلىۋالدى.⑤ چارروسىيىنىڭ شىنجاڭ سودىسىغا سالغان مەبلىغى 22 يىلدا ئالتە ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى. ئۇلار يەنە شىنجاڭدا «قانۇنسىز پۇل تارقىتىپ، جۇڭگو پۇلىنى چەتكە قاقتى».⑥

چارروسىيە 1869- يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ كىردى، 1870- يىلى مۇز داۋاننى ئىگىلىۋالدى، 1871 - يىلى غۇلجىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە 1883 -، 1884- يىللىرى ئىلىدىن 70 مىڭ كىشىنى يەتتىسۇغا كۆچۈرۈپ كەتتى، 1895- يىلى چارروسىيە ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى بۆلۈشىۋالدى، 1912- يىلى ئىلى، ئالتاي ۋە قەشقەرلەرگە بېسىپ كىرىپ، جۇڭگونىڭ پۈتۈنلۈكىگە زور خەۋپ يەتكۈزدى.

شىنجاڭغا تاجاۋۇزچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىشتا ئەنگلىيە چارروسىيەدىن قېلىشمىدى. بەلكى، ھەر خىل يوللار بىلەن شىنجاڭ بايلىقىنى بۇلاش ياكى شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ بېقىندىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش يولىدا چارروسىيە بىلەن قاتتىق رىقابەتلەشتى.

ئەنگلىيە ئەپيۇن ئۇرۇشىدا مانچىڭ ھۆكۈمىتىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا يەنە داۋاملىق ئەپيۇن كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ خەلقىنى زەھەرلىدى، شىنجاڭنىڭ مەبلىغىنى تالان - تاراج قىلدى.

1868-، 1876- يىللىرى ئەنگلىيە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ روبىرت سائو قاتارلىق ئەلچىلەرنى بىر قانچە رەت ياقۇپبەگ بىلەن يوشۇرۇن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى.

1874- يىلى 2- ئايدا ئەنگلىيە«ئەنگلىيە- ياقۇپبەگ كېلىشىمى» تۈزۈپ، روسىيىگە ئوخشاش ھوقۇقلارغا ئېرىشىۋالدى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەلچىخانا قۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى، ئەنگلىيە بۇلارنىڭ بەدىلىگە ياقۇپبەگكە نۇرغۇن قورال- ياراق، ئوق - دورا بەردى ھەم تېخنىك خادىملارنى

ئەۋەتىپ قورال - ياراق زاۋۇتى قۇرۇشقا ياردەملەشتۈردى.

ئەنگلىيىنىڭ «1906- يىلى قەشقەردىن ئۆزىنىڭ بېقىندىسى بولغان ھىندىستانغا ئېكسپورت قىلغان ماللىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 100مىڭ ماركقا، ھىندىستاندىن شىنجاڭغا ئىمپورت قىلغان ماللىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ ماركقا يەتتى، ئېكسپورت - ئىمپورت ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون 500 مىڭ ماركقا يەتتى...»⑦

يىغىپ ئېيتقاندا، چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئىككى جاھانگىرنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋە كىشىلەرگە دېگىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن غەرىزى شىنجاڭنى ياكى ئۇنىڭ بىر بۆلۈم يەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش، جۇڭگونىڭ پۈتۈنلىكىگە چوڭ زىيان يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت، خالاس. لېكىن، ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئورنى، قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ قەبىھلىكىدىن قارىغاندا، چاررۇسىيىنىڭ خەۋپى ئىنتايىن زور ئىدى، شۇڭا، 1842- يىلى 10- ئايدا شىنجاڭغا خىزمەت سۈرگۈنى قىلىنغان ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر لىن زېشۈي شىنجاڭنى بىر مەزگىل كۆزىتىشتىن كېيىن، «جۇڭگوغا ئاخىرقى ھېسابتا، چاررۇسىيىدىن خەۋپ كېلىدۇ»⑧ دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. لېكىن، 20- ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، چاررۇسىيە روسىيىدىكى ئىنقىلابلارنىڭ، 1- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ھالسىراپ قالغىنىدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى شىنجاڭدا ئاساسىي خەۋپكە ئايلاندى.

جاھانگىر دۆلەتلەر تاجاۋۇزچىلىق ئارقىلىق شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، قۇتراتقۇلۇق بىلەن توپىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر پەيدا قىلىپ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى. ئۇلار: 1847- يىلىدىكى يەتتە غوجا توپىلىڭىنى، 1857- يىلىدىكى ۋەلىخان توپىلىڭىنى، 1865-، 1877- يىللىرىدىكى ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى، 1918- يىلىدىكى مەمتىلىخاننىڭ كۇچا توپىلىڭىنى ۋە باشقا توپىلاڭلارنى قۇتراتتى ۋە ئۇنى قوللىدى.

جاھانگىرلار يەنە بىر تەرەپتىن، 20- ئەسىردىن تارتىپ شىنجاڭدا فانتۈركىزم، فان ئىسلامىزمنى تارقاتتى. تىل، ئېتىقاد جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە بولغان بۇ «ئىزمىلار» نادان خەلقنى بىر مەزگىل قايمۇقتۇرۇپ، شىنجاڭدا نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. فانتۈركىزم بولسا تۈركىي تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىرلىشىپ، تۈركىيىنى سىياسىي مەركەز قىلغان، ھۆكۈمەت بىلەن شەرىئەت بىردەك بولغان دۆلەت قۇرۇش، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شوئارى: «ۋەتەن تۈركىيە ئەمەس، تۈركىيىلىكلەرگە نىسبەتەن ۋەتەن تۈركىستانمۇ ئەمەس، ۋەتەن — كەڭ، بىرلىككە كەلگەن «توران»...»⑨ دېگەندىن ئىبارەت. (توران - ئوتتۇرا ئاسىيادىن تۈركىيىگىچە بولغان كەڭ زېمىننى كۆرسىتىدۇ.)

فانتۈركىزم بىلەن فان ئىسلامىزم دۇنيا تارىخىدا بىر مەزگىل ئوتتۇرىغا چىققان «فان ئىسلاۋيانىزم»، «فان ئامېرىكانىزم»غا ئوخشاش بىر خىل زەھەرلىك ئېقىم بولۇپ، ئۇ، تىل، ئېتىقادنىڭ ئوخشاش بولۇشى تۈپەيلىدىن نادان

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنى ئوڭايلا قايمۇقتۇرالايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ، تىنچ ياشاۋاتقان مىللەتلەر، خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا جەڭگى-جېدەل پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى گۇرۇھلارنىڭ، جاھانگىرلارنىڭ يوشۇرۇن غەرىزى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنى قۇربان قىلىدۇ، دۆلەتلەر ئارا ئاغدۇرمىچىلىق پەيدا قىلىدۇ. ئەمدى تۈركىيىنى مەركەز قىلغان سىياسىي ھاكىمىيەت مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى نەچچە يۈز مىليون مۇسۇلمان، يەھۇدى، خىرىستىئان مىللەتلىرىگە ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن ئەڭ مۇستەبىت، ئەڭ خۇراپىي، ئەڭ قالاق ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە «تۇران»نى ئاساس قىلغان «ئىمپېرىيە» قۇرماقچى بولۇش شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز خەلقلىرىگە يەنە نېمە «بەخش» ئېتىدۇ؟! ماھىيەتتە، تۈرك ئىمپېرىيىسى دېگەن بۇ نەرسە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلىرىنى گېرمانىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىگە بېقىندى قىلىپ بېرىش، تۈركىيە ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇش بولىدۇ، خالاس.

جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى ھەم ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى قورالى بولغان فان تۈركىزم، فان ئىسلامىزمى قۇترىتقۇلۇق قىلغان توپىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر شىنجاڭ جەمئىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، ئىگىلىكىنى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى؛ خەلق تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلدى. ئەشۇنداق تاجاۋۇزچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن، قارا شەھەردىن كورلىغىچە بولغان «يول بويىدىكى خەلقنىڭ ماكانى كۆيۈپ تۈگىدى»⑪، «قارا شەھەر بىلەن كورلا شەھەرلىرىدە بىرمۇ كىشى قالمىدى ⑪، «تېرىقچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمىلا قېلىپ، ئېتىزلار چۆلگە ئايلىنىپ قالدى»⑫.

يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭدا ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورنى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. چۈنكى، ئۇلار «بىر تەرەپتىن، مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە، خەنزۇ سودىگەرلىرى، ئۆسۈمدارلىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئەمەلدار - بەگلەرنىڭ زۇلمىغا ئۇچرايتتى»⑬. بۇ ئەھۋال شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ ھال-كۈنىنى ناھايىتى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئېكسپىلاتاتسىيە، زۇلۇم قانچە ئېغىر بولسا، قارشىلىقمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ دېگەندەك، جاھانگىرلارنىڭ بوزەك قىلىشى، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىنىپىي - مىللىي زۇلمى، يەرلىك بەگلەر، ئەمەلدارلار، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ زۇلۇملىرى، ئاخىرقى ھېسابتا، شىنجاڭ خەلقىنى ئويغاتتى، جاھانگىرلىككە، چىرىك مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەشلەر ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن: 1855- يىلى تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت خەلقى چاررۇسىيىنىڭ بوزەك قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي، چاررۇسىيىنىڭ تارباغاتايدىكى سودا بازىسىغا ئوت قويۇۋېتىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى؛ «1862- يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قازاق، قىرغىز

چارۋىچىلىرى ساۋۇر ئەلىجان قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، قوزغىلىپ چاررۇسىيىنىڭ پۇقراسى بولۇشنى قەتئىي رەت قىلدى»⑭؛ «1868- يىلى غۇلجا خەلقى چارروسىيىنىڭ غۇلجىدىكى ئەلچىخانىسى بىلەن سودا بازىرىغا ئوت قويۇۋەتتى»⑮؛ خوتەننىڭ چىرىيە يېزىسىدىكى خەلق سوپۇر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باتۇرانە رەھبەرلىكىدە، چارروسىيىنىڭ ئۆزلىرىنى زومۇ-زور روسىيە پۇقراسى قىلىۋېلىشىغا، سۇ مەنبەلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ۋە ئاشلىق بېجى تۆلەشكە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت قوزغىدى، شۇ قېتىمقى «چىرىيە ۋەقەسى» پۈتكۈل شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، چوڭ تەسىر قوزغىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ سىنىپىي - مىللىي زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي، ئەكسىيەتچىل چىرىك مەنچىڭ فېئودال ھۆكۈمدارلىقىغىمۇ قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ باردى، 1845- يىلى قەشقەر، ئاتۇش، گۇچۇڭدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ خەلقى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى؛ 1857- يىلى كۇچا خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى زور قوزغۇلىڭى پارتلىدى؛ 1863- يىلى غۇلجىدا ياڭسەنشىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى؛ 1864- يىلى پۈتكۈل شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ مەنچىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى زور قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى، شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭلاردا مەلۇم يېتەرسىزلىكلەر بولغان بولسىمۇ ۋە ئۇلار مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىكى زور تارىخىي تۆھپە بولۇپ قالدى، قوزغىلاڭلارنىڭ زەربىسىدىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل فېئوداللىق تۈزۈملىرى، بەگلىك تۈزۈملىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، سانسىزلىغان يانچى دېھقانلار مەنچىڭ خاندانلىقى، بەگلەر، پومېشچىكلارنىڭ قۇللۇق زەنجىرلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن دېھقانلارغا ئايلاندى. شۇڭا، شىنجاڭغا خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن ليۇجىڭتاڭ: «كونا تۈزۈملەر... خۇددى يوقىغاندەك، ئەگەر تىرىشىدىغانلا بولسا، ھەل بولمايدىغان ئىش يوقتەك»⑯. دەپ ئىقرار بولغان.

ئويغانغان شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۈرەشلىرى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ قۇترىتىشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر ۋەتەن بىرلىكىگە خەۋپ كەلتۈرگەندە، ھەممە مىللەت بىرلىشىپ، كۈچنى توپلاپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى، 1857- يىلى ۋەلىخان توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، قەشقەر كونىشەھەر خەلقى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دۈشمەنگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلدى؛ 1877- يىلى، يەنى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تاشقورغان، ئاقچى، ئاتۇش، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا چىرىك ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى؛ 1918- يىلى كۇچادىكى مەمتىلىخان توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، خەلق ئۇنى قوللىمىدى، ئەگەشمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نېمە قۇرۇلۇپ، ۋەتەن بىرلىكىگە چوڭ تەھدىت يەتكەندە، خەلق كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە ھۆكۈـ

مەتىنىڭ ئۇنىڭ كاتىپىشى سابىت داموللىنى تۇتۇشقا يېقىندىن ياردەملەشتى؛ 1945-يىللاردا ئېلىخان تۆرە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نى تۇيۇق يولغا باشلاپ ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ئىنقىلابچىلار ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداپ قالدى،شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جاھانگىرلىككە قارشى، گومىنداڭغا قارشى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

ماۋزېدۇڭ «جاھانگىرلار بىلەن جۇڭگو فېئوداللىزمىنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ، جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش جەريانى دەل جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ھەم ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدۇر»⑰ دەپ يازغىنىدەك، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى قوزغىغان ئەپيۇن ئۇرۇشى جۇڭگونى ۋە جۇڭگو خەلقىنى 2000 يىلدىن بۇيانقى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك دەۋر بولغان يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىزم ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ جەرياندا چىرىك مەنچىڭ ھۆكۈمىتى، تەسلىمچىلەر ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنى قوش ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. لېكىن، ئاتاغلىق ۋەتەنپەرۋەر لىن زېشۈي ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەرنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلغان جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئەڭ قەتئىي، ئەڭ ئۇزاق مۇددەت، ئۇزۇل - كېسىل كۈرەش ئېلىپ باردى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرەشلىرىدىن، بولۇپمۇ لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭدىكى تۆھپىسى ۋە ياخشى تەسىرىدىن ئىلھاملىنىپ ئويغانغان كۈنلەردىن باشلاپلا چاررۇسىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە، مەنچىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا، يەرلىك فېئودال - بەگلەرگە ۋە تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەرگە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ۋەتەن بىرلىكى ئۈچۈن، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىل مابەينىدە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ 150 يىللىقى خاتىرىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، جاھانگىرلارنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ يۈرگۈزگەن تاجاۋۇزچىلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە كەلتۈرگەن ئېغىر بالايى - ئاپەتلىرىنى يېڭىباشتىن ئەسلەپ، بۈگۈنكى كۈننى قەدىرلىشىمىز، جاھانگىرلارنىڭ ھازىرمۇ دۆلىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، شىنجاڭنى پارچىلاش نىيىتىدىن تېخى يانمايۋاتقانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي رايونى بولغان شىنجاڭنى تېخىمۇ باي، تېخىمۇ قۇدرەتلىك، تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

---

ئىزاھاتلار:

①«چىڭ سۇلالىسى شۈەنزاڭ پادىشاسى تەزكىرىسى» 326- توم 29-، 30- بەتلەر.

②«چىڭ سۇلالىسى شۈەنزاڭ پادىشاسى تەزكىرىسى» 33- توم، 10-، 11- بەتلەر.

③«شىنجاڭ جۇغراپىيە بىلىملىرى» 58- بەت.

# لىن زېشۈي شىنجاڭدا

**سەي جىنسۇڭ**

لىن زېشۈي ئېلىمىز يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر مىللىي قەھرىمان، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر. ئۇ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ داڭلىق ئەرباب بولۇپ، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ھۆرمىتىگىمۇ سازاۋەر. 1950- يىلى، لىن زېشۈي ۋاپات بولۇپ، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوننىڭ مۇم ھەيكەل سارىيىدا ئۇنىڭ ھەيكىلى مۇم بىلەن قاتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ھايات كىشىدەك تىك تۇرغان جانلىق، ئوبرازى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا قايتىدىن نامايان بولدى. تارىخ مەسخىرىگە باي كېلىدۇ. ئەينى چاغدا، لىن زېشۈي ئەنگلىيىنىڭ ئەپيۇن سودىگەرلىرىگە زەربە بېرىش يۈزىسىدىن، خەلق رايىنىڭ مايىللىقىدىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىغان، مىللىي ھەققانىيەتنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئەنگلىيىنىڭ ئادالەتپەرۋەر زاتلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن مەمنۇن بولغان، ئۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ۋاشىنگتون قاتارلىق مەشھۇر ئەربابلار بىلەن بىر قاتاردا قويغان. مانا بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ دوست ئىكەنلىكىنى، ئادالەت ھېسسىياتىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لىن زېشۈينىڭ ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئۇنىڭدا سەممىي - سادىق، ھەققانىي، جەسۇر، قەيسەر خىسلەتنىڭ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى يولىدا شەخسىي ھايات - ماماتى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، پېشكەل-

---

④«شىنجاڭ جۇغراپىيە بىلىملىرى» 58- بەت

⑤بۇرھان شەھىدىنىڭ «يالقۇنلۇق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ» دېگەن ماقالىسىدىن.

⑥«بانكا ھەپتىلىك گېزىتى» 1920- يىلى 11- ئاينىڭ 23- كۈنى

⑦«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى II- قىسىم 364-، 365- بەتلەر

⑧«بۇرۇنقى سۇلالىلەرنىڭ پادىشاھلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر» 25- توم.

⑨بۇرھان شەھىدىنىڭ «پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا باش كۆتۈرۈشى ۋە يىمىرىلىشى» دېگەن ماقالىسىدىن.

⑩«شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 305- توم 5- بەت.

⑪«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2- قىسىم 238- بەت.

⑫«شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 314- توم 26- بەت.

⑬سەي جىڭسۇڭنىڭ «لىن زېشۈي شىنجاڭدا» دېگەن ماقالىسى 9- بەت.

⑭«ئەجنەبىلەرنىڭ ئىش باشقۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش جەريانى» 8- توم 63- بەت.

⑮«ئەجنەبىلەرنىڭ ئىش باشقۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش جەريانى» 49- توم، 28- بەت.

⑯«ليۇشاڭچىڭنىڭ مەكتۇپى» 3- توم 44- بەت.

⑰«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» تولۇقلانغان قىسمى، 575- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىكتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان روھنىڭ بولغانلىقىدا،

ۋەتەنپەرۋەر، مىللىي قەھرىمان لىن زېشۈي ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تولىمۇ ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، غەربىي شىمال چېگرىسىغا سۈرگۈن قىلىنغان. 1842 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭنىڭ شىڭشىڭشىيا دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەن. 1945 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قۇمۇلدا يارلىق تاپشۇرۇۋېلىپ، 4 -، 5 - دەرىجىلىك كاندىدات ئوردا ئەمەلدارى قىلىنىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن. ئۇ شىنجاڭدا ئۈچ يىل ئىككى ئاي تۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلىدا تۇرغان ۋاقتى ئىككى يىل بىر ئاي. لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭدا تۇرغان ۋاقتىدىكى ئىدىيە ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلغان. 1986 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدە چاقىرىلغان لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنىڭ 145 يىللىقىنى ئەسلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 44 نەپەر مۇتەخەسسىس ۋە ئالىم ئىلمىي ماقالە (تېزىسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تاپشۇرغان، سۈرەت، جەدۋەل قاتارلىقلار 49 پارچىغا يەتكەن. ئۇلاردا لىن زېشۈينىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشكە، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا بوز يەرلەرنى تەكشۈرۈش جەھەتتىكى تۆھپىسىگە، ياساتقان سۇ ئىنشائاتلىرىغا، مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئائىت ئارخىپ ماتېرىياللار، ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ھەم لىن زېشۈينىڭ خاتىرىلىرى، خەت - چەكلىرى، شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى قاتارلىقلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، چوڭقۇر ۋە پايدىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. بەزى ماقالىلەردە لىن زېشۈينىڭ بوز يەر تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى شىنجاڭنى ئېچىش تارىخى ئىچىگە قويۇلۇپ تەكشۈرۈلۈپ، لىن زېشۈينىڭ ئورنى ۋە رولىغا يۈكسەك باھا بېرىلگەن. گۇۋاڭ بىلەن ئىككىمىز شۇ قېتىمقى يىغىنغا مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملىرى تاپشۇرغان 19 پارچە ماقالىنى «لىن زېشۈي شىنجاڭدا» دېگەن 220 مىڭ خەتلىك بىر كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىققان. بۇ كىتاب بۇ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا بېغىشلىما ھەم كىتابقا مۇقەددىمە يېزىپ بەردى. ئومۇمەن، لىن زېشۈي شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىسى، ئاساسەن، ئەسلىدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئۇ دېڭىز مۇداپىئەسىنى مۇھىم بىلىشتىن غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە تەرەققىي قىلغان ھەمدە ئۇ دېڭىز مۇداپىئەسى بىلەن قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسىنى تەڭ مۇھىم بىلىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىۋى سىستېمىسى مۇكەممەللەشكەن. لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىيىتى، ئاساسەن، ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشالىغانلىقىدا، ئۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي بەختسىزلىكى ۋە ياشىنىپ، كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقىغا پىسەنت قىلماي، ئىلىدا خانلىق ئۆستىڭى (ھازىرقى خەلق ئۆستىڭى)نىڭ توسما

قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىپ ياسىتىپ، ئاچۇۋسۇدا بوز يەر ئاچقان. جەنۇبىي شىنجاڭدا كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن، قاغىلىق، يېڭىسار، قەشقەر، قاراشەھەر، تۇرپان (ئىلانلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قۇمۇل (تارناپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق ئون شەھەرنى ئارىلاپ 20 مىڭ چاقىرىم يول يۈرگەن، 600 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەرنى تەكشۈرۈپ چىققان. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غەم-قايغۇسىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ھېسداشلىق قىلغان. مىللىي مۇناسىۋەتنى قولىدىن كېلىشىچە ياراشتۇرغان. ئۇ قۇمۇل بېگى ئىگىلىۋالغان يەرلەرنى ئېنىقلاپ چىقىپ، پۇقرالارغا قايتۇرغۇزۇپ بېرىپ، پۇقرالارنىڭ مۇشەققىتىنى يەڭگىللەتكەن. لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭدىكى ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈلۈشى.

بۇ ماقالىدە مۇشۇ ئاساستا تۇرۇپ، لىن زېشۈينىڭ ئىلى سانغۇنى بويانتايغا ياردەملىشىپ ئىلى مۇداپىئە لەشكەرلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ساقلاپ قالغانلىقى، ئاچۇۋسۇدا بوز يەر ئېچىپ، تۇسما قۇرۇلۇشى ياساتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇنۇمى، ئاقسۇنىڭ لاڭقىلىق دېگەن يېرىدە بوز يەر تەكشۈرگەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇمى ھەم ئۇنىڭ پۈتكۈل بوز يەر تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى، قۇمۇل بېگى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان يەرلەرنى ئېنىقلاپ، پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتكەنلىكى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىسىنىڭ مەناسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇتالىئە يۈرگۈزمەكچىمىز.

1

لىن زېشۈي پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ 22-يىلى 11-ئاينىڭ 9-كۈنى ئىلىنىڭ مۇيۈەن شەھەر مۇداپىئە پونكىتىغا يېتىپ بارغان. شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى، يەنى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ بىر يارلىق چۈشۈرۈپ، ئىلى مۇداپىئە لەشكەر باشقۇرۇش مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن: تيەنجىن پايتەختىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى. بۇرۇن باردىكۆلدىكى لەشكىرى مەھكىمىنى تيەنجىنگە يۆتكەشنى، لەشكەرلەرنى لەشكىرى ۋازارەتكە تاپشۇرۇشنى بۇيرۇغان ئىدىم. لەشكىرى ۋازارەتنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، جيايۈگۈەننىڭ سىرتىدا ئىككى مەھكىمە بولۇپ، بىرسى باردىكۆلدە، بىرسى ئىلىدا ئىكەن، باردىكۆلدىكىسى ئالاھىدە مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن مەھكىمە بىكار قىلىنمايدۇ. ئىلى مەھكىمىسى بىلەن ئىلى سانغۇنىنىڭ ئارىلىقى يېقىن، يېشىل تۇغلۇقلار قوشۇنى سانغۇننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، سانغۇن بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىدۇ، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئىلى مۇداپىئە لەشكىرى مەھكىمىسى تيەنجىنگە يۆتكىلىدۇ.» 11 كۈن ئۆتكەندە، يەنى 11-ئاينىڭ 17-كۈنى پادىشاھ داۋگۇاڭ يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ: «بۈگۈن لەشكىرى ۋازارەت ئويلىشىپ كۆرۈپ، ئىلىدىكى مۇداپىئە مەھكىمىسىنى تيەنجىنگە يۆتكەش ھەققىدىكى قارارنى ئۆزگەرتىپ، ھەر قايسى جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، شەنشى، گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى، ئىلى سانغۇنى ۋە ئۇلارنىڭ

دانىشلىرىنىڭ قايتا مۇھاكىمە قىلىپ مەلۇمات يوللىشىغا يارلىق چۈشۈرۈلدى،» دېگەن. بۇ يارلىق ئالدىنقى يارلىققا قارىغاندا ئىلگىرىكى لەشكىرى مەھكىمىنى بىكار قىلىش مەسىلىسىدە سەل بوشىغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، بۇ قارارنى ئۆزگەرتىش يەنىلا ئىنتايىن تەس ئىدى، چۈنكى، يارلىقنىڭ كېيىنكى قىسمىدا پادىشاھ داۋگۇاڭ جىڭولى مۇپەتتىشى (ئەينى ۋاقىتتىكى بېيجىڭ، تيەنجىننىڭ باشلىقى) ناچىنچېڭنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان لەشكەر باشلىقلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارغا قانچىلىك خىراجەت بېرىش، ئۇلارنى تيەنجىنگە يۆتكىگەندىن كېيىن قانداق مەھكىمە قۇرۇش، مۆھۈر ئويۇش، ئۇلارنىڭ بەلگىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان.

بۇ ئىككى يارلىق مۆلچەرىمىزچە، 12 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا! ئىلى سانغۇنى بويانتاينىڭ قولىغا تەككەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، شۇ چاغلاردا بېيجىڭدىن ئىلىغا ئەۋەتىلگەن خەت ـ خەۋەرلەر بىر ئاي ئەتراپىدا يېتىپ بارالايتتى. ئىلى مۇداپىئە لەشكىرى مەھكىمىسىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى غەربىي شىمال چېگرىسىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە چېگرا مۇداپىئەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى. شىنجاڭنىڭ غەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇۋاتقان بويانتاي بۇنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى تامامەن ئېنىق بىلەتتى. ئىلى لەشكىرى مەھكىمىسى پادىشاھ شەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «مەخسۇس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق ئىشلارنىلا بېجىرىشتىن ئىبارەت ئىدى. شەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلىغا بارغاندا، ئومۇمىي ئەسكەر 3000 غا يېتىپ، 1800 نەپەر ئەسكەر تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 1200 نەپەر ئەسكەر قورال تۇتۇپ مەشق قىلغان. بۇ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەسكەرلەرنى خىللاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بويانتاي يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ بىر مۇھىم مەسىلىدە مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ مەلۇمات يوللاش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان. لىن زېشۈي ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئاساسلىق پىلانچىسى بولغان. بويانتاي لىن زېشۈينىڭ بىلىمى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ئىنتايىن قايىل ئىدى. ئۇنى سۈرگۈن قىلىنغان ئەمەلدار، دەپ پەس كۆرمەيتتى. لىن زېشۈي تۆت ئۆتەڭگە يېتىپ بارغاندا، يەنى خويىيۈەن شەھىرىگە يەنە بەش كۈنلۈك يول قالغاندا، بويانتاي بىلەن دانىش ۋەزىر چىڭچاڭ «گاشخانى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتكەن»، «بۇنداق ئىش ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان»، ئۇ لىن زېشۈيگە ئىنتايىن زور ھۆرمەت كۆرسەتكەن. ئۇ خويىيۈەن شەھىرىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى گۇاڭرېن شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، سانغۇن بىلەن دانىشلار ئۇنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن، يەنە سەيگۈڭنى ئالدىغا ئەۋەتكەن. مۇداپىئە پونكىتىغا يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى «سانغۇن ئۇنىڭغا گۆرۈچ، ئۇن، قوي، چوشقا، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن» ھەم پادىشاھقا مەلۇماتنامە يوللاپ، لىن زېشۈينىڭ

چېكىردىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭ تەممىنات ئىشىنى «يېمەك-ئىچمەك تەممىنات باشقارمىسىغا تاپشۇرۇپ قويدۇم» دېگەن. (تەممىنات باشقارمىسى «مەخسۇس پۇل ۋە ئوزۇق-تۈلۈك تارقىتىشقا، ئارخىپ-ھۆججەت ماتېرىياللارغا ۋە يىل ئاخىرىدا تىزىملىك تۈزۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈشكە ھەم ئاھالە ۋە ئىشتىن ئىبارەت ئىككى ۋازارەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ھەممە يازما ئارخىپلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل» بولۇپ، ھەممىلا ئىشنى قول تىقىپ بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئاپپارات). كېيىن ئۇ يەنە، لىن زېشۈيگە مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان، مەخسۇس خەت-مەكتۇپلارنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرىدىغان، شاھمات ئوينايدىغان، ئۆزلۈكسىز بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرىدىغان بولغان. لىن زېشۈي بىلەن دائىم ۋەزىر، بەش نەپەر قوماندان ۋەزىر، ئىلى چېگرا مۇداپىئە لەشكەر بېشى (ئۇلار سۈيدۈڭدە تۇراتتى) قاتارلىقلارمۇ توختىماي ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان بولغان. يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەمەلىيەتتە، لىن زېشۈي ئىلىدا تۇرغاندا، ھەرگىز ئۇنىڭ بەزى خەتلىرىدە يېزىلغانىدەك، «چېگرىغا سۈرگۈن قىلىنغىنىم ئاتاقتىكىلا ئىش ئىدى، قىلىدىغان ئىشىم بولمىغانلىقتىن، ئەتىدىن-كەچكىچە بىكار يۈرەتتىم، دېڭ، ۋىن فامىلىلىك ئىككى ئەمەلدار بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتىم»، «ئىلى دەرياسى بويىغا جايلاشتىم، ئوتنىڭ يېنىدىن كېتەلمەيتتىم، ئاغرىپمۇ قالدىم، خىيال-ھېسسىياتىم چېگىش ئىدى، شېئىر، نەزمىلەرنى ئوقۇپ چارچىغاندىلا، ئاندىن ئۇخلىيالايتتىم، سۇيۇق-سەلەڭ تاماق ئاران سىڭەتتى، كۈندۈم ئۆي ئىچىدە زېرىكىش بىلەن ئۆتەتتى، سۈرگۈن تۇرمۇشتىن جاق تويدۇم» دېگەندەك بولماستىن، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ سىياسىي پائالىيەتلەرگە پائال ئارىلىشىپ تۇرغان. شۇڭا، بويانتاي پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ 22-يىلى 12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلى چېگرا مۇداپىئە باش لەشكىرى مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى قايتا مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندا، (ھېچبولمىغاندا، لىن زېشۈي 12-ئاينىڭ 14-كۈنى ئىلىدىكى باش لەشكىرى مەھكىمىنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغان) ئاۋۋال ئەينى چاغدا سۈرگۈن قىلىنىپ خويىيۈەندە تۇرۇۋاتقان دېڭ تىڭجېن بىلەن لىن زېشۈينى ئەسكە ئالغان. لىن زېشۈينىڭ خاتىرىسىدە، ئۆزىنىڭ سانغۇن بويانتاينىڭ مەلۇماتنامە يېزىشقا ئارىلاشقان ۋاقتى داۋگۇاڭنىڭ 22-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن: «چۈشتىن كېيىن، سانغۇننىڭ يازىدىغان مەلۇماتنامىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن شيەۋلىڭ كەلگەن ئىدى، كەچلىك تاماقنى بىللە يېگەن ئىدۇق.» (ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇ دەل ئىلى چېگرا مۇداپىئە باش لەشكىرى مەھكىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى يېڭىباشتىن مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈپ بىر قانچە كۈن بولمايلا بولۇۋاتقان ئىش). شۇنىڭدىن كېيىن، لىن زېشۈي بىلەن بويانتاي بېرىش-كېلىشنى بىر كۈنمۇ ئۈزۈپ قويمىغان، دائىم مەسلىھەتلىشىپ تۇرغان؛ 18-كۈنى:

«سانغۇن بوياتتاي كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلغان ئىكەن. بېرىپ يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلدىم» — بىر ۋاقىتلىق كەچلىك تاماققا بېرىپ يېرىم كېچىدە قايتقىنىغا قارىغاندا، بۇ جەزمەن «كەچلىك تاماق ئۈستىدىكى خىزمەت» . تەا 19 - كۈنى: «سانغۇن بوياتتاي بىلەن ۋەن يىغېي بىزنىڭكىگە كەلگەن ئىدى. شيەۋنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن ھەممىمىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. سانغون دانىش، بەش قوماندان، بىر سەركەردە، ئۈچ مەھكىمە مىراقولى بولۇپ 11 كىشى جەم بولدۇق. بۇ ئىلمھا بولدۇپ باقمىغان كەشپىيات ئىكەن... شۇ كېچىسى تۈن يېرىمىدا تارقىلىپ كېتىشتۇق.» 20 - كۈنى: «بوياتتاي سانغۇن نەشچۈت، كۆكتات ئەۋەتىپتۇ، سانغۇن پادىشاھقا مەلۇمات يوللاپتۇ». شۇڭا، ئۇلار 17- كۈنىدىن باشلاپ مەسلىھەتلىشىپ، 20 - كۈنى مەلۇماتنى يوللىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۈچ كۈن ئىچىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىشقان، ئاخىرى ئىلى چېگرا مۇداپىئە باش لەشكىرى مەھكىمىنى ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلىپ، مۇھاكىمىنىڭ مەزمۇنىنى پادىشاھ داۋگۇاڭغا بايان قىلىپ دوكلات يازغان. ماتېرىيال چەكلىك بولغانلىقتىن، بوياتتاينىڭ ئەسلى مەلۇماتىنى كۆرەلمىدۇق، لېكىن «چىڭ سۇلالىسى تارىخىي تەزكىرىسى، بوياتتاينىڭ تەرجىمھالى»دا خاتىرىلىنىشىچە، بوياتتاي يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قىلغان سۆزىدە: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چېگرا سىرتىدىكى ياتلارنىڭ ئەھۋالى ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى، قاراۋۇل قويۇپ، مەنسەپدار سەپلەپ يول توسۇپلا قالماستىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ، پىتنە - ئىغۋا تېرىۋاتىدۇ: بۇنداق ئەھۋال چېگرا مۇداپىئەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرىدۇ. چېگرا مۇداپىئە لەشكەرلىرى تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆز جېنىنى بېقىۋاتىدۇ، ئۇلار ئاساسەن ماكانلىشىپ، يەرلىكلىشىپ قالدى، ئۇلارنى يۆتكەشمۇ ئاسان ئەمەس. ھازىرقى ئەھۋالنىلا كۆزدە تۇتۇپ، كېيىنكى ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشمىسا بولمايدۇ» دېگەن، يەنى چېگرا مۇداپىئەسىنى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئىلى لەشكىرى مەھكىمىسىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرغان. ئارىدىن تەخمىنەن ئىككى يېرىم ئاي ئۆتكەندە، يەنى داۋگۇاڭنىڭ 23 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7- كۈنى لىن زېشۈي ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا سانغۇن مېنى بىللە ناشتا قىلىشقا چىللاپ كىشى ئەۋەتىپتۇ، بېرىپ ناشتا قىلدىم، ھەربىي مەھكىمە لەنجۇدىن ئەۋەتىلگەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ، ئۇلار ئىلىدىكى لەشكىرى مەھكىمىنى بىكار قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شىئەندىكى لەشكىرى مەھكىمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا مەلۇماتنامە يوللاپ، پادىشاھنىڭ رازىلىقىنى ئاپتۇ. پادىشاھ شەنشى - گەنسۇ ھەربىي ۋالىيسىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ مەلۇمات يوللىشىغا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ». 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، داۋگۇاڭ يارلىق چۈشۈرۈپ شەنشىنىڭ شىئەن شەھىرىدىكى باش لەشكىرى مەھكىمىنىڭ مەنسەپدارلىرىنى بىكار قىلىشنى قارار قىلىپ، باش سەركەردە تەيىۈگىنى گەنسۇغا تەۋە ئىلى مەھكىمىسىنىڭ باش سەركەردىسى قىلىپ يۆتكەپتۇ (ئىلى لەشكىرى مەھكىمىنىڭ ئەسلىدىكى باش سەركەردىسى جىچىڭ 2-

ئاينىڭ 4 - كۈنىلا داۋتولا لەشكىرى مەھكىمىسىنىڭ باش سەركەردىسى بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن ئىكەن). شۇڭا، لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئاكتىپ قاتناشقان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرىنچى زور ئىشى سانغون بويانتاينىڭ ئىلى لەشكىرى مەھكىمىسىنى ساقلاپ قېلىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولغان.

## 2

ھەممىگە ئايانكى، لىن زېشۈينىڭ ئىلىدا قىلغان يەنە بىر ئەمەلىي ئىشى ئاچۇۋسۇدىكى توسما قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىپ ياسىتىشتىن ئىبارەت. ئىلىدىكى ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، ئاچۇۋسۇ دېگەن يەر ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ بايانداي يېزىسى بىلەن قورغاس ناھىيىسىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىدىكى ئېدىرلىقنىڭ غەربىدە، خەلق ئۆستىڭى (خانلىق ئۆستىڭى)نىڭ جەنۇبىدىن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىچە بولغان يەرلەر ئىكەن. چى يۈنشىنىڭ «غەربىي چېگرىدا ئىدارە قىلىنغان ئومۇمىي ئىشلار» دېگەن كىتابىنىڭ 1 - جىلدى «ئىلىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ باشلىنىش خاتىرىسى» ۋە 7 - جىلدى «بوز يەر قوشۇنى، سۇ ئىنشائاتلىرى»غا قارىغاندا، ئاچۇۋسۇ خوييۈەن شەھىرىنىڭ شالىزارلىقلىرىنىڭ شەرقىدىكى يەتتە چاقىرىم سايدا بولۇپ، بوز يەر قوشۇنى جىياچىڭنىڭ 7 - يىلى (1807 - يىلى) ئېچىلىشقا باشلىغان، بۇ بوز يەرلەر چىلىپ تېغىدىكى بۇلاق سۈيى ۋە ئالمۇتانىڭ جىلغىلىرىدىكى بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان، تېرىلغۇ يەر بىر قانچە ئون مىڭ موغا يەتكەن. كېيىنچە سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن تاشلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تاشلاندۇق يەرلەرنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئەينى چاغدىكى ئاچۇۋسۇ قۇرۇلۇشى دېيىلگىنى، ئاساسەن، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتەتتى، ئۇ توسما قۇرۇلۇشىنى، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، پۈتكۈل قۇرۇلۇشنى ئەمەلدارلار باسقۇچقا بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىپ، پۇل ئىئانە قىلىپ ياساتقان، ھەر كىم ئۆزىگە بۆلۈنگەن قىسمىغا ئۆزى مەسئۇل بولغان. لىن زېشۈي ئەڭ مۇھىم، ئەڭ جاپالىق توسما قۇرۇلۇشىنى ھۆددە ئالغان، تۆت ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە چاقىرىم كېلىدىغان بۇ ئۆستەڭنى ئىنتايىن پۇختا ياساپ چىققان، لىن زېشۈي داۋگۇاڭنىڭ 24 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يالقۇيمىڭغا يازغان خېتىدە: «ئىلىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە كەمىنىمىز قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىپ پۇل ئىئانە قىلدى، كېلەر يىلى ئەتىيازدا پۈتۈشى مۇمكىن»، دېگەن.

لىن زېشۈي ھۆددە ئېلىپ ياساتقان توسما قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگەنمۇ؟ ئاچۇۋسۇ بىنەملىرىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى زادى قانداق بولغان؟ يېقىندا ئۇچرىغان بىر پارچە ئارخىپ ماتېرىيال بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلەيدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى 10 - ئايدا، ئىلى سانغۇنى سايىنئا قاتارلىقلار ئاچۇۋسودىكى يېڭى بىنەملەردىن يېرىم باج ئېلىش ھەققىدە پادىشاھ داۋگۇاڭغا يوللىغان بىر پارچە مەلۇماتنامىسىدا: «ئۆتكەن يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى) ئاچۇۋسودا يېڭىدىن 100 مىڭ 300 مو بىنەم ئۆزلەشتۈرۈلگەن، قۇرۇلۇش تاماملانغاندا، سابىق سانغون بويان-

تاينىڭ پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىشى بىلەن، ئىلىدىكى شالىزارلىقلاردىن ئېلىنىدىغان باج ئۆلچىمى بويىچە ھەر مو يەردىن يېرىم سەر كۈمۈش ئېلىنىدىغان بولغان. داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى تۇنجى تېرىقچىلىق قىلىنغان يىل بولغانلىقتىن، يېرىم باج ئېلىندى، 27 - يىلىدىن باشلاپ تولۇق باج ئېلىندۇ»، دېيىلگەن. بۇ لايىھە تەستىقلانغان. شۇ يىلى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن يېرىم باج پۇلى يەنى 2507 سەر بەش مىسقال كۈمۈش يىغىۋېلىنماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلققە نەپ بېرىش يۈزىسىدىن 2082 سەر بەش مىسقال كۈمۈش يىغىۋېلىنغان. نېمە ئۈچۈن 425 سەر كۈمۈش كەم يىغىۋېلىنغان؟ بۇنىڭغا زىرائەتلەرگە سۇ يېتىشمىگەنلىك ياكى كەلكۈن كېلىپ زىرائەتلەرنى بېسىپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئاچۇۋسۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ ھۆددە بېرىلگەن بولسىمۇ، تەكشۈرۈلگەندە، 11 -، 16 - ۋە 17 - بۆلەكلەردىن مەسىلە چىققان. ئەمما ئىككى چوڭ بۆلەكنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، 11 - بۆلەك بىلەن 16 - بۆلەكتىن چىققان مەسىلە «ھۆددە ئېلىپ تېرىلغان يەرلەر ئىچىدە سۇغىرىلغاندىن كېيىن شور ئۆرلەپ كېتىپ، مايسىلار قۇرۇپ كەتكەن». 17 - بۆلەكتە «تاغدىن ئىككى قېتىم كەلكۈن كېلىپ، ئېتىزلارنى قىيان بېسىپ كېتىپ، قۇم، لايلار ئېتىزلارنى كۆمۈپ، تېرىشقا بولمايدىغان قىلىۋەتكەن». قەمەرىيە 5 - ئايدىن كېيىن سايىنىشا قاتارلىقلار ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرتكەن، ئۇلار ھەققىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ تۆۋەندىكىدەك دوكلات تاپشۇرۇۋالغان: «1 - بۆلەكتىن 10 - بۆلەككىچە بولغان ئارىلىقتا سۇ راۋان ئاققان، كۈزلۈك زىرائەتلەر تەكشى پىشقان. 11 - بۆلەكتىن 16 - بۆلەككىچە بولغان ئارىلىقتا مۇنبەت يەرلەر بىلەن تاشلاندۇق يەرلەرمۇ بولۇپ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ھوسۇل ئېلىنغان، ھەممە يەردىن ھوسۇل ئالغىلى بولمىغان». مەسىلە يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىشىدىن بولغان. بۇ يەرلەردە تېرىلغۇ قىلىشنى ھۆددە ئالغان شېن جيون قاتارلىق 124 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئەرزىدە، داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى بۇ يەرلەرنى سىناپ تېرىغاندا بۇنداق ھادىسىلەر سېزىلمىگەن.

داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى يازدا «ئۆستەڭدىكى سۇ ئېشىپ كەتكەن، يەرلەرنى سۇغارغاندا، كۈننىڭ قىزىتىشى، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى ئارقىلىق يەردىن شور ئۆرلەپ كەتكەن، مايسىلار قۇرۇپ كەتكەن» دېيىلگەن. شۇڭا، ئادەم كۈچى ۋە دەسمايە بىكار كېتىپ، يېرىم ئىجارە ھەققىنىمۇ يىغىۋالغىلى بولمىغان. ئەگەر 11 - بۆلەكتىن 16- بۆلەككىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ئەھۋالى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىلىدىغان بولسا، 17 - بۆلەكتىكى مەسىلە، ئاساسەن، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ، 17 - بۆلەكتىكى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ «يەر تۈزۈلۈشى ئويمان-سازلىق بولۇپ، شىمالىدا يېڭىدىن چېپىلغان ئۆستەڭ، ئۇنىڭ يەنىمۇ شىمالىدا ئېگىز تاغ بار ئىدى». دۇڭ ۋېنشەن قاتارلىق 26 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئەرزىدە: «بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، قەمەرىيە 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتتى، تاغدىكى قارلار ئېرىدى، چۈشتە توساتتىن كەلكۈن كەلدى، كەلكۈن سەۋەبىدىن

ئۆستەڭ يار ئېلىپ كېتىپ، 17 - بۆلەكتە ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىنالارنى يالاپ كېتىپ، چوڭقۇر سايغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، بەزى يەرلەرنى لاتقا بېسىۋالدى. بۇنى قول بىلەن قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ» دېيىلگەن. شۇڭا، يېرىم باج تاپشۇرۇشقىمۇ چام يەتمىگەن. 1 - بۆلەكتىن 17 - بۆلەككىچە بولغان ئارىلىقتا ئەمەلىي ھوسۇل بېرىدىغان يەر جەمئىي 83 مىڭ 300 مو بولۇپ، ھوسۇل بەرمەيدىغان يەر 7000 مو، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېقىتىپ كەتكىنى 4200 مو، قۇم بېسىپ كەتكىنى 950 مو، شورلىشىپ كەتكىنى 11 مىڭ 850 مو. ئاخىرىدا سايىنىدا: «سۇغىرىلىدىغان بىنەم ئالتە يىل ئىچىدە، سۇغىرىلمايدىغان بىنەم ئون يىل ئىچىدە. راستىنلا قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا ياكى شورلىشىپ كەتسە، باش ۋالىي ئەمىرلەرنىڭ ئۆلچەش - تەكشۈرۈشىدىن كېيىن، سېلىقنى - باجنى ئۆستۈرمەسلىككە، كېچىرىم قىلىشقا بولىدۇ، يەنە بەلگىلىمە بويىچە، بىنەمنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ھۆددە ئالغانلار ھەقىقەتەن ئۇنى ئالالمىسا، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ رەسمىي ئۆتمىگەندىن كېيىن يەرنى قايتۇرۇۋەتسە بولىدۇ»، دېيىلگەن. ئاچۇۋسودا 11 - بۆلەكتىن 17 - بۆلەككىچە ئارىلىقتا 17 مىڭ مو يەرنى ھۆددە ئالغان، سۇ بېسىپ، قۇم بېسىپ، شورلىشىپ كەتكەنلىك تۈپەيلىدىن ھوسۇل ئالالمىغان 150 ئائىلىلىك دېھقان تۆلەشكە تېگىشلىك يېرىم باج - سېلىق پۇلى 425 سەر تەڭگە ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كېچىرىم قىلىۋېتىلگەن.

يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، لىنزېشۇي ھۆددە ئېلىپ ياساتقان ئاچۇۋسو تۇسمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى پۇختا بولغانلىقى، سۇ راۋان ئاققانلىقى، زىرائەتلەر سۇغا قاندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردىن بىردەك ھوسۇل ئېلىنغان، لىنزېشۇي ھۆددە ئېلىپ ياساتقان قۇرۇلۇش ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن. بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئۇدا 123 يىل بىخەتەر ئىشلىتىلگەن، تاكى 1967 - يىلى قاش دەرياسى قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىنلا ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ قالغان.

## 3

لىنزېشۇي جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېچىشقا بولىدىغان 600 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەرنى تەكشۈرۈپ چىققان. بۇ ئاقسۇغا قاراشلىق لاڭقىلىق يېڭى بوز يەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لاڭقىلىقتىكى بوز يەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر لىنزېشۇينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى توغرىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەمەلىي خاتىرە «سەھەر خاتىرىلىرى»دە لىنزېشۇي قىسقىچىلا خاتىرە قالدۇرغان: داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەن چۇەن چىڭ بىلەن بىللە ئاقسۇ شەھىرىگە بارغان. 6 - كۈنى ئاقسۇنىڭ ئىش بېجىرىش باش ئەمەلدارى جىروي بىلەن بىللە شەرقىي قوۋۇقتىن چىقىپ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ سەپەر قىلغان. 40 چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن قۇمباش دەرياسىغا يېتىپ بارغان، يەنە 40 چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن، قۇمباش ئۆتەڭگە يېتىپ بارغان. 7 - كۈنى 20 چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن ئايكۆل دەرياسىغا يېتىپ بارغان، ئۇ يەردىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 90 چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن يېڭىئېرىق مۇسۇلمانلار مەھەللىسىگە يېتىپ بارغان، يەنە 30 چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن يوچمە مەھەللىسىگە يېتىپ بارغان، يېڭى ئېچىلىدىغان بوز يەر

ئۆستىڭىنىڭ تۇغىنى مانا شۇ يەردە ئىدى. 8 - كۈنى يەنە 20 چاقىرىم يول يۈرۈپ لاگقىلىققا يېتىپ بارغان، مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، لاگقىلىقتىكى بوز يەر ئاقسۇ شەھىرىدىن تەخمىنەن 240 چاقىرىم يىراقلىقتا بولغان بولىدۇ. بوز يەرلەرنى ئۆلچەش ئەھۋالىمۇ قىسقىچىلا خاتىرىلەنگەن: 8 - كۈنى «ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ جەنۇبقا قاراپ ماڭدىم، تەخمىنەن 20 چاقىرىم يول يۈرۈپ لاگقىلىققا يېتىپ باردىم، بۇ دەل يېڭىدىن ئېچىلىدىغان يەرنىڭ ئۆزى ئىدى. شياۋدىڭ بىلەن ئىككىمىز شەرق بىلەن غەربكە بۆلۈنۈپ ئۆلچىدۇق، بىز مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنىڭ ئېتىمىزنىڭ چولۋۇرىدىن تۇتۇپ يېتىلىشى بىلەن ئاتلىق ماڭدۇق، ھەر ئون غۇلاچ يەرگە بىردىن بەلگە قويۇپ ماڭدۇق، پىشىن بىلەن ئۆلچەپ بولدۇق. ئۆلچىشىمىز ئاساسەن توغرا بولدى.» ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئۆلچىگەن ئىدۇق، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارلىرىمۇ ياردەملەشكەن ئىدى. شۇڭا، تەكشۈرۈلىدىغان بوز يەرنى بىر كۈندىلا ئۆلچەپ بولغان ئىدۇق. لېكىن زادى قانچىلىك يەر ئۆلچەنگەن؟ بوز يەر بولغان ئىكەن، ئېرىق - ئۆستەڭمۇ بولۇشى لازىم، قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىلغان؟ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ساپاسىمۇ ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەنمۇ؟ بۇ، مەسىلىلەر خاتىرىلەنمىگەن.

ئاقسۇنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى رارافىنتاينىڭ داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يوللىغان «ئاقسۇدا يېڭىدىن بوز يەر ئېچىش ۋە مۇسۇلمان ئاھالىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا» دېگەن مەلۇماتنامىسى بىزگە مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: لىن زېشۈي بىلەن چۈەنچىڭنىڭ ئۆلچىشى، تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە ئېچىلىدىغان بوز يەر 102 مىڭ مو چىقىپ، ئەسلىدە مەلۇم قىلىنغاندىكىدىن 2000 مو ئارتۇق چىقتى؛ «ئۆستەڭنىڭ ئوندىن تۆت قىسمىنى تېخى پۈتىمىدى»، ئۆستەڭ چېپىلىدىغان يەرلەر دەرەخزارلىق بولۇپ، قۇرۇلۇش سۈيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدى، بوز يەرلەرنى تېرىلغۇ قىلغىلى بولىدىغان، كىشىلەر كېلىپ تېرىيدىغان ئۈنۈملۈك يەرگە ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا ئۇلار: بىر يىل ئىچىدە ئۆستەڭنىڭ چالىسىنى پۈتتۈرۈش، دەرەخلەرنى كېسىۋېتىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئەمگەك كۈچى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. لىن زېشۈي بىلەن چۈەنچىڭنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى بىلەن تەكلىپلىرى بويانتاي ئارقىلىق پادىشاھ داۋگۇاڭغا مەلۇم قىلىنىپ تەستىقلانغان. زارافىنتاي كۈچ تەشكىللەپ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان.

ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ چالىسىنى پۈتتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىش باشلانغان، سوغۇق چۈشۈپ يەر توڭلاپ كەتكەنلىكتىن، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىش توختىغان، تويپتوغرا 31 كۈن ئىش قىلىنغان. داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قايتا ئىش باشلىنىپ، تا 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە جەمئىي 65 كۈن داۋاملاشقان، پۈتكۈل قۇرۇلۇشقا 96 كۈن ۋاقىت كەتكەن. «ئىلگىرى چېپىلماي قالغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق چېپىپ بولۇنغان».

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئىككى قۇرۇلۇشنىڭ ھەممە ئىشلىرى خەنزۇ ئەمەلدارلار، ئۇيغۇر بەگ - خوجىلار، خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك كۈچ چىقىرىشى ئارقىلىق ئورۇندالغان.

قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن، زارافىنتاي لاگقىلىققا بېرىپ «يېڭى يەرنىڭ تۆت تەرەپ پاسىلىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۆلچىگەندە، ئومۇمىي كۆلەم 119 مىڭ مودىن ئارتۇق چىققان، بۇنىڭ ئىچىدىكى تېرىلغۇ قىلغىلى بولمايدىغان قۇم دۆۋىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، تېرىشقا بولىدىغان ھەقىقىي يەر 102 مىڭ 300 مو بولۇپ، چۈنچىڭ، لىنزېشۈيلەرنىڭ ئۆلچىگەن سانى بىلەن ئوخشاش چىققان». زارافىنتاي يەنە ئېرىق-ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ قايتا تەكشۈرۈپ چىققان: «ئۆستەڭ تۇسمىسىغا ئۇزۇنلۇقى 52 غۇلاچ، كەڭلىكى بەش غۇلاچ، ئېگىزلىكى توققۇز گەز كېلىدىغان بىر توغان سېلىنغان، بىر غول ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى ئۈچ غۇلاچ، چوڭقۇرلۇقى ئىككى غۇلاچ بەش گەزدىن بىر غۇلاچقىچە، ئۇزۇنلۇقى 9182 غۇلاچ، جەمئىي 51 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرققە ئاقىدىغان بىر ئېرىق بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى بىر غۇلاچ، چوڭقۇرلۇقى سەككىز-توققۇز گەز، ئۇزۇنلۇقى 5490 غۇلاچ بولۇپ، تەخمىنەن 30 چاقىرىم كېلىدۇ. غەربكە ئاقىدىغان ئىككى ئېرىق بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ كەڭلىكى بىر غۇلاچ، چوڭقۇرلۇقى سەككىز - توققۇز گەز كېلىدۇ، بىرى 5500 غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، 30 چاقىرىم، يەنە بىرى 5400 غۇلاچ بولۇپ، 30 چاقىرىم كېلىدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭلەر يەر شارائىتىغا قاراپ چېپىلغان بولۇپ، ئۇزۇن - قىسقىلىقى، تېيىز - چوڭقۇرلۇقى، كەڭ - تارلىقى ئوخشىمايدۇ». دېمەك، ئەينى چاغدا، لىنزېشۈي، چۈنچىڭلار تەكشۈرۈپ پىلانلىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 140 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. زارافىنتاي «سۇ باشلاپ سىناپ كۆرگەندە، توسالغۇسىز ئاققان، ھەممە سۇ ئېتىزغا قاراپ ئاققان، 102 مىڭ مو يەرنىڭ ھەممىسىنى سۇغىرىش مۇمكىن بولغان». تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە «تولۇقلاپ چېپىلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك بولغان، قىلچە ساختىلىق قىلىنمىغان، دەرەخلەر ئۆز ۋاقتىدا كېسىپ بولۇنغان».

زارافىنتاي لاگقىلىقتىكى يېڭى بوز يەرلەرنى قايتا تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال تېرىقچىلارغا يەر تەقسىملەپ بەرگەن. ئۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، يەرلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تېرىشىغا بەرگەن. يەرلەرنى تەقسىملەش ئەھۋالى مۇنداق بولغان: ئۇيغۇر دېھقانلاردىن 512 ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، ئۇلار ئون كەنتكە بۆلۈنگەن، «كەنتكە ئۇيغۇرچە نام بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ پاسىللىرى ئېنىق ئايرىلىپ، بىر - بىرىنىڭكىنى ئىگىلىۋېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنغان»، ھەر كەنتكە 51 - 52 ئائىلىلىك كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەر ئائىلىگە 200 مودىن، ئىككى ئائىلىگىلا 150 مودىن يەر تەقسىملەپ بېرىلگەن، «ھەممىسىگە يەر گۇۋاھنامىسى بېرىلىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تېرىقچىلىق ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلگەن». ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر ئائىلىگە ئىككى كۈرە ئۇرۇقلۇق، ئىككىدىن كالا بېرىلگەن. ئۇيغۇرلار قىزغىنلىق بىلەن يېڭى يەرگە بارغان، ئۇلار «سۈيى مول، يېرى مۇنبەت ئىكەن، تېرىساقلا مول ھوسۇل ئالالايمىز، دېيىشكەن ھەم كالا ۋە ئۇرۇقلۇق بېرىلگەنگە خۇشال بولۇشۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەن.» بۇنىڭدىن «بوز يەرنى ئۇيغۇرلارغا بېرىپ» تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تازا ياققانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى بەگ-

www.uyghurkitap.com

خوجىلار ئىدارە قىلىدىغان ئادەتكە ئاساسەن، ئاقسۇدىكى ھاشىمبەگنىڭ مەلۇماتى بويىچە، ئاقسۇ شەھىرىدىكى 7 - مەرتىۋىلىك ئاقىبەگ (سودا - ھۈنەرۋەنلەر بېگى) مۇبارەكشانى يېڭى بوز يەرنىڭ 7 - مەرتىۋىلىك بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ «مۇشۇ كەنتلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغان»؛ 7 - مەرتىۋىلىك ئەربابىبەگ (باجگىر) موللا يۈسۈپنى يېڭى بوز يەرنىڭ 7 - مەرتىۋىلىك قازىسى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ بۇ يەرنىڭ «ئەرز - شىكايەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولغان»؛ 7 - مەرتىۋىلىك ئىشقول بەگ (ھايداقچى) ئابلىزنى يېڭى ئېچىلغان بوز يەرنىڭ 7 - مەرتىۋىلىك مىرابېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ «يەر، سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغان». بۇ مەھەللىدە قاتىللىق، ئوغرىلىق قاتارلىق چوڭ ئەنزىلەر سادىر بولسا يەنىلا ئاشۇ قازىلارغا يوللاتتى، ئۇلار قائىدە بويىچە بىر ياقلىق قىلاتتى. يېڭىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بەگلەرنىڭ تەمىناتىدا ئۆزگىرىش بولمىغان. ئۇلاردىن «ھەممە چوڭ - كىچىك مۇسۇلمانلارنى ئىناق قىلىش، ئادەت بويىچە ئىش بېجىرىش، يولسىزلىق قىلماسلىق، بۇ يەرنى گۈللەپ - ياشنىتىش» تەلەپ قىلىنغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، لىنزېشۈي بىلەن چۈەنچىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىدە لاڭقىلىقتا 102 مىڭ مو يەر ئېچىپ، بۇ يەرگە 512 ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقاننى تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ يەرنى مۇنبەت ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرغان.

## 4

لىنزېشۈي شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىشتىن ئاۋۋال ۋەتىنىنىڭ بۇ بىپايان چېگرا زېمىنىنىڭ تارىخىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان خاتىرىلىرىدە، قۇمۇل، ئىلى، مارالبېشى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق، دىن، كالېندار، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە (بۇ ئۇنىڭ «چېگرا مۇسۇلمانلىرىغا دائىر» 24 كۇبلېتلىق شېئىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن) ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىگە، جاپا - مۇشەققەتلىك ھال - كۈنىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. داۋگۇاڭنىڭ 22 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى لىنزېشۈي ئىچكىرىدىن قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن. ئېھتىمال بۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىگە ئوخشىماي قالغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۇ ئىختىيارسىز «بۈگۈن كۆرسەم، بۇ يەرنىڭ يېرى ئۈزلۈك، سۈيى تاتلىق، ھەممە يېرى ئېكىنزارلىق ۋە دەرەخزارلىق ئىكەن، ئاۋات زېمىن دېسە بولىدىكەن» دېگەن. ئۇ يەنە، قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلىپ: شىنجاڭغا كىرگەندە جەنۇبقا ۋە شىمالغا بارىدىغان ئىككى يول مۇشۇ يەردىن بۆلۈنىدۇ... شىمالىي يول داۋان ئاتلاپ بارىكۆلگە، يەنى غەربىي لەشكىرى مەھكىمىسى شەھىرىگە بارىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يىخې ناھىيىسى بار. گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، شىخو، تارباغاتاي، ئىلىغا بارىدىغانلار مۇشۇ يول بىلەن ماڭىدۇ، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تۇرپان بار، جەنۇبىي تەرەپتىكى قاراشەھەر، كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن، قەشقەرگە بارىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يول بىلەن ماڭىدۇ» دېگەن. ئۇ شۇ چاغدىكى قۇمۇل مۇسۇلمان سۇلتانىغا ۋە شۇ ئەتراپتىكى

مۇسۇلمانلارغا دىققەت قىلىپ: «ئەرلىرى گۈللۈك دوپپا كىيىدىكەن، خوتۇنلىرى قىزىل كۆڭلەك كىيىدىكەن»، ئۇلارنىڭ تىلى «جۇڭگو تىلىغا زادى ئوخشىمايدىكەن، ئەمما جۇڭگو تىلىنى بىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن» دېگەن؛ داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، لىن زېشۈي ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلار شەھىرىگە كىرىپ: «شەھەر ئىچىدە مېھمانخانىلار ناھايىتى كاتتا ئىكەن، ئەمما ئۆيلەرنىڭ جاھازلىنىشى خەنزۇلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن» دېگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىقى ھەققىدە ئۇ «چېگرا مۇسۇلمانلىرىغا بېغىشلانغان بامبۇك شېخى نەزمىلىرى»دە:

ئۆي - ئىمارەت كاتتىدۇر، كاھىشتىن ئەسەر يوق،
پەشايۋانلىق ئۆگزە تۈپتۈز، زادىلا دۈمبەل يوق.
ئىشكاپ ئورنىدا خىزمەت قىلۇر تامدىكى شۇنچە ئۆيۈق،
تۈڭلۈكى بىرەر يورۇق، تېمىدا دېرىزە يوق.» دەپ يازغان.
مانا بۇلار پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى. ئۆيدە نە:
ئاردىلاپ كۆزگە چۈشەر يۈز گەزلىك ئىمارەتلەر،
ئەتراپىنى قورشىغان سۆگەت ۋە ئاق تېرەكلەر.
تۈرقى ئوخشايدۇ ئەينى كېرىلگەن كامالەككە.
ھاكىلانغان ئاق تاملارغا سىزىلغاندۇر سۈرەتلەر» دەپ، ئاممىباب ئوقۇشلۇق بامبۇك نوتىسى شەكلى ئارقىلىق «خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ»غان، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام دىنىنىڭ دۆگىلەك مۇنار شەكىللىك ئۆي-ئىمارەتلىرى ۋە تام سۈرەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن. داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لىن زېشۈي خوتەنگە بارغان. ئۇ خاتىرىسىدە: بۇ يەردىكى مۇسۇلمان ئاھالىلىرى پىلە باقىدىكەن، شۇڭا خوتەندە تاۋار توقۇلىدىكەن، مۇسۇلمانلار رەخت توقۇشقا ماھىر كېلىدىكەن، ئىلىدا، كۇچادا ھۆكۈمەت ئىشلىتىدىغان رەختلەر مۇشۇ جايدىن توشۇپ ئېلىپ بېرىلىدىكەن» دەپ يازغان. دېمەك، ھۆكۈمەت ئىشلىتىدىغان رەختلەرمۇ ئۇيغۇر پۇقرالار تاپشۇرغان باج - سېلىقنىڭ ئىچىدە بولغان.

لىن زېشۈينىڭ خىزمەتلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن. ساقلىنىپ قالغان شۇ چاغدىكى خاتىرىلەردە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13- كۈنى بۈگۈردىكى ھەربىي ئۆتەڭدىن غەربكە قاراپ بىر قانچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن بىر دۆڭدىن پەسكە قاراپ مېڭىپ، سازلىققا كىرىپ قالدۇق، ھەممىلا يەر پاتقاقلىق بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئوت-چۆپ، سامانلار بىلەن يولنى تۈزلەپ بەردى، يولبويى ھەر بىر ئىككى چاقىرىمدا بىر سازلىق بولۇپ، ئوي - دوڭغۇل، ئېگىز - پەسلىكتە سۇ، لاي كېچىپ ماڭدۇق، بۇلارنى سانىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ»، بەختكە يارىشا، ھەممىلا جايدا مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئوت-چۆپ، سامانلارنى يېيىتىپ، ھارۋىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ بەردى.» 15 - كۈنى لىن زېشۈي كۇچاغا بارغان، ئۇ، ئۆزىنى كۈتۈۋالغان چاغدىكى قىزغىن كەيپىياتنى تەسۋىرلەپ، «كۇچا شەھىرىنىڭ شەرقىي

www.uyghurkitap.com

قوۋۇقىدىن كىرگىنىمىدە، مۇسۇلمانلار ئېگىز ئۆگزىدە تۇرۇپ، داقا - دۇمباق، نەغمە-ناۋا چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ قارشى ئالدى» دېگەن؛ 28 - كۈنى ئۈچتۇرپانغا قاراپ كېتىۋاتقاندا: «مۇسۇلمانلار كەڭرى ئۆي تىكتى، بىر ئاز ئولتۇرۇپ داۋاملىق يول ماڭدۇق، كېچىپ ئۆتكەن سۇلار سان-ساناقسىز، مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىر قانچە ئون ئات بىلەن كېلىپ، دەريانىڭ تېيىز يېرىنى تېپىپ، مەيمىزنىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىشىدىن ساقلىدى»، 29 - كۈنى توزغان دەريا كېچىكىدىن ئۆتتۇق، ئۇنىڭ «چوڭقۇر يېرى ئاتنى چۆكتۈرۈۋېتىدىكەن، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئاتلىق كېلىپ بىزنى مۇھاپىزەت قىلدى، بۇمۇ ئۈتۈگۈن دەريادىن ئۆتكەن ئەھۋالىمىزغا ئوخشايدۇ.» دېگەن؛ 3 ئاينىڭ 4-كۈنى توزغان دەرياسىدىن يەنە ئۆتكەندە، «يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق مۇسۇلمان دەريا بويىدا بىزنى ئۇزىتىپ قويدى». شۇنىڭدىن كېيىنمۇ لىن زېشۈينى يولبويى يەرلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ كۈتۈۋالغان ۋە ئۇزىتىپ قويغان. بەزىدە بەگلەر مەخسۇس چېدىر تىكىپ، چاي - تاماق ھازىرلاپ كۈتۈۋالغان، بەزىدە مۇسۇلمانلار مەھەللىسىدە تۈنەپ ئۇزۇقلانغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى لىن زېشۈينىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە ھەمكارلىشىشىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى قارشى ئېلىش، كۈتۈۋېلىش، قوللاش بىلەنلا قالماستىن، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن. ئۇنىڭدىن ئىنتايىن زور ئۈمىد كۈتكەن. ئۇنىڭ «دىيانەتلىك ئەمەلدار»، ياخشى ئەمەلدار ئىكەنلىكىگە، ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. لىن زېشۈيمۇ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويمىغان، قۇربى يېتىدىغان دائىرىدە، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى غەم-ئەندىشىدىن خالىي قىلغان. داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25- كۈنى لىن زېشۈي قاراقاشتىكى مۇسۇلمانلار مەھەللىسىگە يېتىپ بارغاندا، «ئۇششۇمتۇت مىڭلىغان كىشىلەر توپلىشىپ خەت سۇنغان، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، يەرلىك قازىكالانلارنىڭ ئالۋان - ياساق سېلىپ خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلغانلىقىدىن خەلقنىڭ ئۆزىگە ئەرز سۇنغانلىقىنى بىلگەن. ئۇلارنىڭ ئەرزىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، شەھەرگە كىرگەندە باش ئىش بېجىرگۈچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ۋەدە بەرگەن. لىن زېشۈي لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇ زاۋا ئۆتەڭگە كېلىپ بىر كۈن تۇرۇپ، خوتەننىڭ مۆھۈردارى جىلتاخۇن ۋە ھاشىمبەگلەر بىلەن بىللە كېلىپ، ئەرز قىلىنغان ئەنزىلەرنى سۈرۈشتۈرگەن.

داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى لىن زېشۈي تارىنچىدىكى بوز يەر ئۆلچەش - تەكشۈرۈشتىن كېيىن، قومۇلغا قايتىش سەپىرىدە ئەسكەر، پۇقرا، سودىگەر، مۆتىۋەرلەردىن يۈزدىن ئارتۇق كىشى يول توساپ، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، قومۇل سۇلتانى بېشىرنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان، قومۇلدىكى يەرلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشنى، چېگرا-پاسىلىنى ئېنىق بېكىتىشنى تەلەپ قىلغان. شىكا-

يەتنامىدا مۇنداق دېيىلگەن: «قۇمۇلنىڭ زېمىنى كەڭ بولسىمۇ، پۇقرانىڭ يېرىدىمۇ يېرى يوق، ھەر قايسى مەھەللىلەردىكى مۇسۇلمانلار تېرىۋاتقان يەرلەردىن پادىشاھقا مەلۇم قىلىنىپ ئەنگە ئالدۇرۇلغان. 3400 كۈرە ئۇرۇقلۇق چېچىلىدىغان يەردىن باشقىسى، ھازىرقى سۇلتان ئەۋلادى بەشىرنىڭ خۇسۇسىي يېرى قىلىۋېلىندى. پۇقرانىڭ تېرىشىغا بەرمەيدۇ، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز تېرىسىمۇ باج - سېلىق دەپ ئېلىپ كېتىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك دۇكانلار، كانلار، تاشلىق تاغ، ئورمانلىق تاغ ئۈچۈنمۇ يەر ئىجارىسى ئالىدۇ، شەھەرگە يېقىن گورستانلىق ئەتراپىغىمۇ تام سوقۇپ پۇقرانىڭ جەسىتىنى كۆمدۈرمەيدۇ، پۇقرا جەسەت كۆمۈشكە توغرا كەلسە، بىر قانچە سەر كۈمۈش تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، گازارمىدا ھەربىي ئىسكىلات، دورىخانىلار، لەشكىرى ياتاق، ئاتخانا بولۇپ، بىر ھارۋا توپا ئالسا بىر قانچە ياماق پۇل بېرىدۇ، يېقىندا ئاڭلىشىمىزچە. يۇقىرىدىكى پەرمانى بويىچە ھەر قايسى شەھەرلەر يەر كېڭەيتىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئادەم ئالىدىكەن، شەھىرىمىزدىكى ئەربابلارنىڭ ئېيتىشىچە، قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدا، ئەينى يىللاردا ھۆكۈمەت ئاچتۇرغان بوز يەر بار ئىكەن، ھازىر ئۇ يەرلەرنى بەشىر سۇلتان ئىگىلىۋېلىپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ھەزرەتلىرىنىڭ پادىشاھلىق نىزام بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشلىرىنى سورايمىز. مۇشۇ قېتىمقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يەرلەرنى ئېنىقلاپ، خەلقنىڭ ھايات - ماماتىنى دېمىگەندىمۇ، دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇشلىرىنى سورايمىز......». بۇنىڭدىن باشقا، لىن زېشۈي يەنە «بەشىر سۇلتانىنىڭ داۋگۇاڭنىڭ 13 - يىلىدىن تا ھازىرغىچە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقىنى، ئارمىيە بىلەن پۇقرانىڭ شىكايىتىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان». شۇڭا، لىن زېشۈي شىكايەتنامىنى قوبۇل قىلغان ھەم ئەتىسى چۈەنچىڭ بىلەن بىللە سۇلتان مەھكىمىسىگە بېرىپ، سۇلتان بەشىرنى چاقىرتىپ، ھەققانىيەت يولىدا ئۇنى سوراق قىلىپ: سەن دۆلەتنىڭ پۇقرا مالىيى تۇرۇقلۇق، يەر - زېمىننىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ھازىر بەزىلەر «قۇمۇلنىڭ يەرلىرىدىن باج ئېلىشنى پادىشاھ كەچۈرۈم قىلغان دەپ قاراپ، مۇسۇلمان سۇلتانىنىڭ خۇسۇسىي يېرىگە ئايلاندۇرۇۋاپتۇ. بۇ، تامامەن كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان بىمەنە سەپسەتە، تولىمۇ يىرگىنىشلىك» دېگەن. لىن زېشۈي كۈچلۈك ئىبارىلەر بىلەن يوللۇق سۆزلەپ: «ئىلگىرى پەرمان بويىچە ئىنئام قىلىنغان سۇلتانلىق مىراس زېمىن بىلەن بۇرۇن پىرقىغە مەلۇم قىلىنىپ مۇسۇلمان سۇلتان ھەر يىلى تېرىقچىلىق قىلىپ ھوسۇل ئېلىپ كېلىۋاتقان يەرلەر، بۇرۇنقىدەكلا، سۇلتان جەمەتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاندىن تاشقىرى، باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ، مۇسۇلمان سۇلتان بەشىرنىڭ يەر ئىجارىسى ئالغانلىقى، گورستانغا تام سوقۇپ يەرلىك ھەققى ئالغانلىقى، توپا ھەققى ئالغانلىقى راستلا بولىدىغان بولسا، بۇ، تامامەن يولسىزلىق بولىدۇ» دېگەن. لىن زېشۈينىڭ قاتتىق سوراق قىلىشى نەتىجىسىدە، بەشىر يولسىزلىق قىلغانلىقىنى بىلىپ، شەرقىي يېڭى مەھەللىدىكى ئۆز ئالدىغا ئېچىۋالغان يەر-

لەرنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە رازى بولغان. لىن زېشۈي قاتارلىقلار شەخسەن ئۆزلىرى شەرقىي يېڭى مەھەللىگە بېرىپ يەرنى ئۆلچەپ كۆرۈپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ 5720 مو ئىكەنلىكىنى، ئېچىلمىغان 4832 مودەك يەر بارلىقىنى، جەمئىي 10 مىڭ 552 مو يەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «دېھقانلارنىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن جاكارلىغان». لىن زېشۈي قاتارلىقلار يەنە قۇمۇلنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا بىشىرغا نازارەتچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ «ئەڭ ئالدى بىلەن قەبرىستاننىڭ قورشالغان يېرىنى دەرھال چاقتۇرۇۋېتىشنى، ئارمىيە بىلەن يۇقىرادىن يەرلىك ھەققى ئالماسلىقنى، ئۆزىگە تەۋە شەھەر - يېزىلاردا دۇكان، تىجارەت ئورۇنلىرى ۋە كۆمۈركان، تاش تاغ، ئورمانلىق تاغ قاتارلىق ھۆكۈمەت زېمىنىدىن ئىجارە ھەققى ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بوش يەرلەردىن ئارمىيە بىلەن يۇقىرالار تويا ئېلىپ پايدىلانسا بولۇۋېرىدىغانلىقىنى، ھەق ئېلىشقا زادى بولمايدۇ»غانلىقىنى قاتتىق تاپىلىغان. ئۇ يەنە بۇ قارارنى تاش ئابىدىگە ئويدۇرۇپ، شەھەرنىڭ مەركىزى كوچىسىغا تىكلەپ قويۇپ، ھەممە ئادەمگە كۆرسىتىپ، مەڭگۈ رىئايە قىلىش شەرت، دەپ تاپىلىغان. لىن زېشۈي ئۆلچەپ چىققان 5720 مو تېرىلغۇ يەر ھەققىدە ئۇرۇمچىدىكى ھىراۋۇل بەگ ۋەيلى قاتارلىقلار داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى 12 - ئايدا ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىققان: «بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەر ئون ئۆيلۈككە بىردىن ئون بېشى تەيىنلەپ 60 مودىن يەر بېرىش، ھەر 100 ئۆيلۈككە بىردىن يۈز بېشى تەيىنلەپ 90 مودىن يەر بېرىش، بۇ يەرگە ئائىت ئىشلارنى شۇلار بىر تەرەپ قىلىش، تېرىقچىلىق قىلغۇچى باشقا دېھقان ئائىلىلىرىگە 30 مودىن يەر بېرىش، جەمئىي 270 ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇش، تېرىلمىغان يەرلەرنى ھازىر تېرىيدىغان دېھقانلار دەرھال تېرىش، ھەر مو يەردىن بىر چارەك باج ئېلىش، 27 - يىلىدىن باشلاپ تولۇق باج ئېلىش، تېرىلمىغان يەرلەرنى يېڭى ئۆستەڭ چېپىلىپ بولغاندا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش». بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھىسى پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ، دېھقانچىلىق پىرقىسىگە ئەنگە ئالدۇرۇلغان.

## 5

لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭدىكى ئۈچ يىللىق ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىسىگە زادى قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ مانا بۇ مۇشۇ ماقالىمىزدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئاخىرقى مەسىلە.

لىن زېشۈي شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ بۇ يەردە «مۇستەقىل كېنەزلىك قۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ»غانلىقىدا چىڭ تۇرغان. ئۇ شىنجاڭنىڭ «شىمالىي ياكى جەنۇبىدىكى ھەر قانداق بىر پارچە زېمىن، ئوخشاشلا، تەڭرىقۇتنىڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ»، شىنجاڭمۇ ئىچكىرىگە ئوخشاشلا پادىشاھنىڭ بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرىدۇ، بىر سۆك يەرنىمۇ ھېچكىم ئۆزىنىڭ دېيەلمەيدۇ» دېگەن.

لىن زېشۈي خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دوستانە ئۆتۈشىدە، باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشىدا، مىللىي كۆڭۈل ئاغرىتىشنىڭ بولماسلىقىدا چىڭ تۇرغان. ئۇ: مىللەتلەر چوقۇم ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشى، پاسىل ئايرىلماس-

لىقى لازىم، دېگەن.

ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، دانا ۋە پاراسەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۇرپانغا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تۇنجى قېتىم كارىزنى كۆرگەن ۋە بۇ: ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەپچىللىكىنىڭ ۋە غەيرىتىنىڭ سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى ئۆز جايىنىڭ گېئوگرافىيىلىك ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مول ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئىجاد قىلغان ئۈنۈملۈك سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئىكەن دېگەن ھەم كارىزنى كۆرۈپ، راستىنلا «سۇنى جەنۇبتىن شىمالغا ئېقىتىپ، تەدرىجىي ئېگىزگە ماڭدۇرۇپ، تۆۋەننى تېشىپ ئاقتۇرۇپتۇ»، «ھەقىقەتەن ئەقىلغە سىغمايدىغان كارامەت بىر مۆجىزە ئىكەن» دەپ چىن كۆڭلىدىن ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ يەنە: «بۇ يەرلەرنىڭ يەرلىرى ئۈنۈمسىزرەك ئىكەن، يىللىق پاختا مەھسۇلاتى ھېچقانچە بولمايدىكەن، پەقەت كارىزلا ئۇلارنىڭ سۇ ئىنشائاتى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن» دېگەن. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە بولغان يۈكسەك مەدھىيىسى ۋە باھاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ يولبويىدا كۆرگەن - ئۇچرىغان ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تىرىكچىلىك چارىلىرىنىمۇ خاتىرىلەپ ماڭغان. مەسىلەن: ئۇ كورلىغا بارغاندا، «ھەممىلا يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى بار ئىكەن، يېرى يۇمشاق، سۈيى مول ئىكەن»، دېگەن؛ يېڭىسارىدىكى ھەربىي ئۆتەڭگە يېقىن بارغاندا، «يولبويى مۇسۇلمان كەنتلىرىدىن ئۆتتۈم، يولنىڭ ئىككى تەرىپى زىچ سۆگەتلىك ئىكەن» دېگەن؛ يەكەنگە تەۋە غۇربەت مۇسۇلمانلار مەھەللىسىگە بارغاندا «ئۆگزىدە تۈنەپ چىقتىم، ھويلىسى بۈك - باراقسان مېۋىزار باغ ئىكەن. ئىنتايىن سۈرۈن ئىكەن» دېگەن.

ئۇ خەلق كۈچىنى ئىنتايىن ئاسرىغان. ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىپ قويۇش، بىھۇدە تازىم قىلىشتەك رەسمىيەتلەر تۈپەيلىدىن جىسمانىي ۋە مالىيە كۈچىنى زايە قىلىشنى خالىمىغان. داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇ قەشقەرگە يېقىن بارغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ «15 ئات بىلەن ئالدىغا كۈتۈۋالغىلى چىقماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى رەت قىلغان». 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بۇگۇردىكى ھەربىي ئۆتەڭگە يېتىپ بارغاندا، ھاشىمبەگ ئۆتەڭگە قارشى ئېلىشقا كەلمەكچى بولغاندا، لىن زېشۈي رەت قىلغان. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە كۈتۈۋېلىشنى رەت قىلغان بۇنداق خاتىرىلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس.

ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھال - كۈنىگە ۋە جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن بىئارام بولغان. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئۇچرىغان زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى ئىككى تەرەپتىن كېلەتتى، بىر تەرەپتىن، مانجۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپى، خەنزۇ سودىگەرلىرى، جازانىخورلار شىلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئەمەلدار بەگلەر زۇلۇم سالاتتى، ئېزەتتى. ئۇ پادىشاھ داۋگۇاڭغا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدا، جەنۇبىي سەككىز شەھەردىكى مۇسۇلمان پۇقرالىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تىرىكچىلىكى مۇشكۇل ئىكەن، ئۇلار ئىككى - ئۈچ نان بىلەنلا بىر كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن، بەزىلەر ئۈجمە، مېۋە، قوغۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاۋۇز پىشقانىدا، شۇلار بىلەن قورسىقىنى تويغۇزىدىكەن، كىيىمى يىرتىلغانلار كۆپ سانلىق بولۇپ، كۆپىنچە كىشىلەر قىش-ياز يالاڭئىراق يۈرىدىكەن، بۇنداق نامرات مۇسۇلمانلارنى زىيارەت قىلىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگىنىمدە، ئۇلارنى ئىدارە قىلىدىغان بەگلەر ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىغا خالىغانچە سېلىپ، پۇل - ماللىرىنى تارتىۋالىدىكەن». ئۇ داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى چوڭ ئوغلى رودەنگە يازغان خېتىدە ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۇچرىغان يەنە بىر زۇلۇم ئۈستىدە توختىلىپ: «خەنزۇ ئەمەلدارلاردىن ئەسكەر - يايىلارغىچە، ئۇلارنى ئىت - ئېشەك ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن، ئۇلار بىلەن سودا قىلىشقان خەنزۇلار ئۇلارنى ئالداپ، قاقتى-سوقتى قىلىدىكەن، ئۇلارنى قوي-چوشقىدىنمۇ پەس كۆرىدىكەن» دېگەن.

شۇڭا، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىشتا، شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى، ئېچىلغان بوز يەرلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ تېرىشىغا بېرىشنى، ئۇلارنىڭ باج - سېلىقىنى يەڭگىللىتىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، «ئاشلىق بىلەن پۇلنى تەڭ بۆلۈشۈش»كە قارشى تۇرغان؛ ئۇيغۇر خەلقىنى بېيىتىشنى تەشەببۇس قىلغان، جازانىخورلۇققا قارشى تۇرغان ھەم قولىدىن كېلىدىغان دائىرىدە ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ ئۇلارنىڭ مۈشكۈلىنى يەڭگىللەتكەن. ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پايدىلىق بولغان. ئۇ يۇقىرىدىكى ئىدىيىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە بىلەن چېگرا مۇداپىئە مەسىلىسىنى ئورگانىك تۈردە بىرلەشتۈرۈپ، ئەينى زاماندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىشەنمەسلىك، يەنى ئاتالمىش «يەرنى مۇسۇلمانلارغا بېرىۋېتىش ئىچكى قىسىمنى ئىگىلىۋېلىش» دەيدىغان خاتا قاراشنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. بۇنداق نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا، ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋەت ۋە دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈپتىن ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. مىللىي مەسىلە مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولسا، شىنجاڭدا مەڭگۈ ئامانلىق بولمايدۇ. لىن زېشۈي: «يەر قوقانلىقلارغا بېرىلسە ئىچكى زېمىننى ئىگىلىۋالدى دېگىلى بولىدۇ. ئۆز جايىمىزدىكى مۇسۇلمانلارغا بېرىلگىنىنى قانداقمۇ ئىچكى قىسىمنى ئىگىلىۋېلىش دېگىلى بولسۇن؟» دېگەن. شۇڭا يەر ئۆزلەشتۈرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ياكى پۇقرالارنىڭ تېرىشىغا بېرىش، قارىماققا، كىم تىجارەت قىلىش مەسىلىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ ماھىيەتتە، زور چېگرا مۇداپىئە مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى چېگرا سىرتىدىكى مىللەت، دەپ قاراپ، ئۇلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش لازىممۇ ياكى ئۇلارنى دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغان ئاساسلىق كۈچ دەپ قاراپ، ئۇلارغا تايىنىش لازىممۇ دېگەندىن ئىبارەت مەسىلە بولۇپ، بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىغا، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئالاقىدار زور ئىش.

ئومۇمەن ئالغاندا، لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭغا قىلغان ئۈچ يىللىق سەپىرى ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەن، ئۇ شىنجاڭنىڭ ۋەتەننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇيغۇر، خەنزۇ خەلقلىرىنىڭ ئىناق

ئۆتۈشىنى، ئۆز ئارا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇيغۇر خەلقىنى «ياخشى پۇقرالار» دېگەن. ئۇلارنى بېيىتىشنى، بۇنداق قىلىشنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ شەرقىي جەنۇبىي چېگرىنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ شىمالىي شىنجاڭدا ئىلى چېگرا مۇداپىئە باش لەشكىرى مەھكىمىسىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسكىرىي كۈچنى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۈچىنى كۈچەيتكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدا، ئۇ قەشقەردىكى چېگرا مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق قوقانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ كېيىنرەك قەشقەرنىڭ باش لەشكىرى سەردارلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىكەيمىڭئاغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلغان: «چېگرىدا ئۈچ كۈن ماجرا چىقمىسىلا، دۇنيا تىنچ بولۇپ قالدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ؛ دۇنيانىڭ ئىشلىرى جاپا - مۇشەققەتكە تولغان بولىدۇ، ئىرادىلىك زاتلار ھەر ئېھتىمالغا تەييار تۇرۇشى لازىم، قارىماققا، كۆل قالسىلا ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ دېگىلى بولمايدۇ، قوي ئۆلۈپ تۈگىسىمۇ قوتاننى يەنىلا رېمونت قىلىپ تۇرۇش لازىم» دېگەن. ئۇ غەربىي شىمالىي چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن كونلۇك تەييارلاشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ مارالبېشىدىكى كۈچلەرنى يەنىمۇ كۆپەيتىش ۋە كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلغان. مارالبېشىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ يول تۈگىنى.

بىچاڭ «يەكەن شەھىرىنى قوغداش خاتىرىسى»دە، «ئوتتۇرىدا بىر لاي دەريا بار، دەريانىڭ جەنۇبىي تەرىپى مارالبېشى دەپ ئاتىلىدۇ، يول ئىككىگە ئايرىلغاندا بىر يول ئۆتەڭ يولى. 9 - پونكىتتىن يەكەنگە بارىدۇ. يەنە بىرى دەرەخزارلىق، 9 - پونكىتتىن قەشقەرگە بارىدۇ. شىمالغا ماڭسا ئاقسۇدىكى 9 - پونكىتقا بارىدۇ، بۇ، بىر تۈگۈن ھېسابلىنىدۇ» دېگەن. بۇ يەردە داۋگۇاڭنىڭ 12-يىلىدىن باشلاپلا بوز يەر ئېچىلىشقا باشلىغان. داۋگۇاڭنىڭ 16 - يىلىغا بارغاندا، ئېچىلغان بوز يەرلەر 100 مىڭ مودىن ئاشقان. شۇڭا مارالبېشىنى مۇھىم بازار قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسى بار ئىدى. لىن زېشۈي مۇنداق دېگەن: «ئەگەر جەنۇبىي لىنىيىدە چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش چارىسى قوللىنىلىدىغان بولسا، مارالبېشىدىكى بوز يەرلەرنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئۇ يەرنى مۇھىم شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، زور ئەسكىرىي كۈچ توپلاش، بىر مەركىزىي شەھەرگە ئايلاندۇرۇش، چېگرا سىرتىدىكى قوقانلىق قاتارلىق ياتلار مەڭگۈ ئالىيىپ قاراشقا پېتىنالمايدىغان مۇداپىئە شەكىللەندۈرۈش لازىم». لىن زېشۈينىڭ سۈرگۈن ۋاقتى توشۇپ قالغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىسىنى رۇسلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئىدىيىسى قىلىپ يىغىنچاقلىغان: «ساداقەتلىك لىن ۋېن ھەزرەتلىرى كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ئىچكىرىگە قايتىش ئالدىدا، خەۋپ ئەنگلىيىلىك ياتلاردىن كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ زېمىنىغا تاقابىل تۇرۇشمۇ تەسكە چۈشىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ سورىغاندا، ساداقەتلىك لىن ۋېن ھەزرەتلىرى «ئەنگلىيىلىك ياتلاردىن ئانچىۋالا ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئەپيۇن ۋە باشقا ئەپىس نەرسىلەر ئارقىلىق جۇڭگونىڭ پۇلىنى ئالدىۋېلىش بىلەنلا چەكلەنمىدۇ. قاراپ تۇرساق روسىيە بارغانسېرى كۈچلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانى چوڭ، غەرىزى يامان. ئەنگلىيىلىك ياتلارنىڭ دېڭىز يولى بىلەن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى ھەققەتەن تەس، چىشەن دېڭىز ئاغزىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا ماڭا يېتەلمەي قالدى، روسىيىلىك ياتلار بولسا غەربىي شىمال تەرەپتىن بىزنىڭ چېگرىمىزنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان. جەنۇبتا ھىندىلار بار، قۇرۇقلۇق يولى ئۆزئارا تۇتىشىدۇ، مۇداپىئەلىنىش ئاسان ئەمەس، كەلگۈسىدە چوڭ ئاپەت بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال. مانا بۇنىڭدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىمەي بولمايدۇ» دېگەن. لىن زېشۈينىڭ روسىيىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىدىيىسى چارروسىيىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ۋە ئېلىمىزنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى، جەنۇبىدىكى جايلىرىغا توختىماي ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرگەنلىكىدەك پاكىتنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن. يەنە ئەل ئىچىدىكىلەرگە غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىگە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەرگەن. تارىخىي جەريانلار لىن زېشۈينىڭ ئالدىن كۆرگەنلىرىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. چارروسىيە 1864 - يىلىدىكى «غەربىي شىمال چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش خاتىرىسى» دېگەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئارقىلىق بىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنىمىزنى بۆلۈۋالدى؛ جاسان كۆلى، ئىسسىق كۆل روسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى؛ 1884 - يىلىدىكى «قەشقەردىكى چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىم خاتىرىسى» ئارقىلىق قورغاسىنىڭ غەربىدىكى 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىنىمىزنى بۆلۈۋالدى؛ 1895 - يىلى يەنە ئەنگلىيە بىلەن روسىيە بىزنىڭ پامىر رايونىمىزنى ئۆزلىرىدىلا بۆلۈشۈۋالدى. ئۇ بىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەمىزدە ئەڭ زور خېيىم-خەتەر بولۇپ قالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر لىن زېشۈي شىنجاڭغا سەپەر قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىسى مۇكەممەللەشمىگەن ۋە يۈكسەلمىگەن بولاتتى. دەل ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدىيىسى مۇكەممەللەشكەنلىكى ۋە يۈكسەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالالىغان.

خاسىيەت ئابدۇراخمان تەرجىمىسى

---

ئۆزگەرتەلمەيدىغان نەرسىگە ئۆزۈڭنى يەرگە ئۇرۇپ يۈرمەي بەرداشلىق بەر-
سېنىكا

ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق تۇتۇشنى بىلىشتۇر.

ل. م. لېئونوۋ

# ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا تەھلىل

**ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن**

**ۋالاشىلى**

1 ـ قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى جۇڭگونىڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تەرىپىدىن قۇل قىلىنىشىنىڭ، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان. ئۇ، جۇڭگو تارىخىدا غايەت زور تەسىرگە ئىگە تارىخىي ۋەقە، شۇنداقلا فېئودال جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال جۇڭگوغا ئايلىنىشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى.

### 1. ئەنگلىيە قوزغىغان ئەپيۇن ئۇرۇشى — رەزىل تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش

1840 ـ يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلاشتىن بۇرۇن، غەربتە كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا 200 يىلدىن ئاشقان ئىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بۇرژۇئا ئىنقىلابىي بولدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا يەنە ئەنگلىيىدە سانائەت ئىنقىلابىي بولدى. لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «كاپىتالىزم ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتمىسە، يېڭى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرمىسە ھەم غەيرىي كاپىتالىستىك قەدىمىي دۆلەتلەرنى دۇنيا ئىقتىسادىي قايىنىمىغا ئەكىرمىسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ» («لېنىن ئەسەرلىرى» 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى 545 ـ بەت). ئەنگلىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەت بولۇپ قالدى. تېخىمۇ چوڭ بازارلارنى ئېچىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە ھىندىستان، سىنگاپور، بىرمىلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش نىيىتىدە بولدى. ئەنگلىيە جۇڭگونىڭ سودا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، نومۇسسىزلىق بىلەن ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. 1835 ـ يىلىدىن 1838 يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا، ئەنگلىيە ھەر يىلى جۇڭگوغا تەخمىنەن 35 مىڭ ساندۇق (ھەر ساندۇقى 120 جىڭ) ئەپيۇن كىرگۈزدى.

ئەپيۇن زەھىرى جۇڭگودا يامراپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي كرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى: (1) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنى تېخىمۇ چىرىكلەشتۈردى. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوندىن بىر ـ ئىككى قىسمى، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوندىن ئىككى ـ ئۈچ قىسمى ئەپيۇن چېكىدىغان بولدى. ئەپيۇن چەككۈچىلەر روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىشكە باشلىدى. بىر شائىر شېئىرىدا «غاگىزا ئىسىدىن قاچتى پاشا ـ قۇرۇتلار، ئەپيۇننىڭ تەپتىدىن ياش تۆكتى بىتەڭلەر» دەپ يېزىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەپيۇن چەككەن چاغدىكى رەزىل قىياپىتىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بەردى. نۇرغۇن ئەمەلدار-

لار چىرىكلىشىپ، پارا يەپ، ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى ۋە سېتەقچىلىقى بىلەن شۇغۇللاندى. سەركەردە، چىرىكلەردىمۇ ئەپيۇن چېكىدىغانلار بارلىققا كېلىپ، بىر قولىدا مىلتىق، بىر قولىدا غاڭزا تۇتۇپ، جەڭگىۋارلىقىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقاتتى. (2) جۇڭگونىڭ تاشقى سودا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. كۈمۈشلەر كۆپلەپ سىرتقا ئېقىشقا باشلىدى. 1821 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە جۇڭگودىن سىرتقا چىقىپ كەتكەن كۈمۈش 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ، يىلىغا تەخمىنەن 500 مىليون يۈەندىن توغرا كېلىدۇ، بۇ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئىقتىسادىي كىرىزىسقا ئۇچراتتى. كۈمۈشنىڭ سىرتقا ئېقىشى نەتىجىسىدە، يارماقنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ، خەلقنىڭ باج - سېلىقى ئېغىرلاپ كەتتى. (3) خەلقنى زەھەرلەپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى نابۇت قىلدى. ئەپيۇن ئاۋام خەلق ئارىسىغىمۇ تارقالدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە ئەپيۇن تېرىش باشلاندى. 1835 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئەپيۇن چېكىدىغانلار 2 مىليونغا يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا بىرەيلەن: «زەمبىرەكتىن قورقما، 100 تال زەمبىرەك ئوقى جىق بولسا بىر نەچچە ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئوقيانىڭ ئوقىدىن قورقما، ئۇمۇ ئاران ئىككى - ئۈچ چاقىرىم يەرگىلا بارالايدۇ، لېكىن ئەپيۇننىڭ زەھىرىچۇ، ئۇ، سان - ساناقسىز ئادەمنى قىرىپ تاشلىيالايدۇ» دېگەن. تەيپىڭ - تيەنگونىڭ يولباشچىسى خۇڭ شيۇچۈەن بىر شېئىرىدا «ئەپيۇن غاڭزىسى مىلتىقنىڭ ئۆزى، ئۇنى كىم تۇتسا، شۇ يارىدار بولىدۇ، نى - نى قەھرىمان خوخەنزىلەر ئەپيۇن چەككەن يېرىدە ئۆلىدۇ» دەپ يازغان. ماركس ئەنگلىيىنى «قانۇنسىز ئەپيۇن سودىسى ھەر يىلى ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ۋە ئەخلاقىنى بۇزۇپ، ئەنگلىيە دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇردى» («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى 14 - بەت) دەپ غەزەپ بىلەن ئەيىبلىگەن ھەمدە «ئەپيۇن سودىسى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە مىكرمار مارتىننىڭ «ئەپيۇن سودىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇل سودىسى رەھىمدىلرەك؛ بىز ئافرىقىلىقلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ناكا قىلمىدۇق، چۈنكى، بىزنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتىمىز ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ» («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 2 - توم خەنزۇچە نەشرى 23 - ، 24 - بەتلەر) دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئومۇمەن، ئەپيۇن زەھىرىنىڭ يامراپ كېتىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىدىكى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئەپيۇننىڭ زىيىنىنى كۆرۈپ، مەنئى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. خۇنەن، گۇاڭمۇڭنىڭ باش ۋالىيسى لىن زېشۈي داۋگۇاڭ خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، «مۇشۇنداق قاراپ تۇرساق، نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان ئەسكەرلەرنى ۋە ئۆز دۆلىتىمىزنى قامدايدىغان كۈمۈش قالمايدۇ» دەپ ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن داۋگۇاڭ خان لىن زېشۈيىنى ۋەزىر قىلىپ، گۇاڭجۇغا ئەپيۇن چەكلەشكە ئەۋەتكەن. لىن زېشۈي 1839 - يىلى 3 - ئايدا گۇاڭجۇغا يېتىپ بېرىپ، داغدۇغىلىق ئەپيۇن چەكلەش ھەرىكىتى قوزغىغان: (1) چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان مىللىي مۇنا-

يەقلارنى قولغا ئالغان؛ (2) چەت ئەل سودىگەرلىرىگە قولىدىكى ئەپيۇننى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغان، كۆپ يىل ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان چەت ئەل سودىگەرلىرىنى تۇتقان ۋە قوغلاپ چىقارغان؛ (3) چەت ئەل سودىگەرلىرىدىن بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئەپيۇن ئەكىرمەسلىكنى ھەمدە نورمال سودىنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان؛ (4) خۇمەنىڭ قۇۋۇقىدا ئەپيۇن كۆيدۈرگەن؛ (5) دېڭىز ئارمىيىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، بېلىقچىلارنى ماتروس قىلىپ، پوتەي ياساپ ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆرگەن.

لىن زېشۈي 1839 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە خۇمەنىڭ قۇۋۇقىدا ئەپيۇن كۆيدۈرگەندىن كېيىن، گۇاڭدۇڭدا ئەپيۇن چەكلەش ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. لىن زېشۈي كۆيدۈرۈش ئالدىدا ئۇستىلارغا خۇمەنىڭ دېڭىز ساھىلىغا ئىككى كۆلچەك ياساتقۇزغان، ئەپيۇن كۆيدۈرگەندە، كۆلچەكلەرگە لىق سۇ تولدۇرۇپ، تۇز چېچىپ، ئاندىن ئەپيۇننى پارچىلاپ كۆلچەككە تاشلاپ، يېرىم كۈن تۇرغۇزغان، ئاندىن ئۈستىگە ھاك تۆكۈپ قوچىغاندىن كېيىن، كۆلچەكلەر قايناشقا باشلىغان، ئەپيۇن كۆپۈككە ئايلانغاندىن كېيىن، كۆلچەكلەرنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، جۇجياڭ دەرياسىغا ئېقىتىۋەتكەن، ئۇ تاشقىن بىلەن قوشۇلۇپ دېڭىزغا قوشۇلۇپ كەتكەن. خۇمەندىكى ئەپيۇن كۆيدۈرۈش ۋەقەسى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ۋەتەن ساتقۇچ پومېشچىك - بيۇروكراتلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە كەلتۈرگەن ئاھانىتىنى يۇيۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قوغداش جاسارىتىنى ئىپادىلەپ بەردى.

لىن زېشۈينىڭ گۇاڭدۇڭدىكى ئەپيۇن چەكلەش ھەرىكىتى ھەققانىي ھەرىكەت ئىدى. بۇ خەۋەر ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى جۇڭگونىڭ ئەپيۇن چەكلىشىنى غالجىرلىق بىلەن ئەنگلىيىگە قىلىنغان «ھاقارەت ۋە تاجاۋۇزچىلىق» دەپ چالۋاقاپ، ھەق - ناھەقنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتكەن. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1839 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەسكەر چىقىرىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشنى قارار قىلغان. ئەنگلىيە پارلامېنتى 1840 - يىلى 4 - ئايدا ئۇرۇش قارارى ماقۇللىغان. ئەنگلىيىنىڭ «شەرققە يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى» 1840 - يىلى 6 - ئايدا گۇاڭدۇڭنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىگە يېتىپ كېلىپ، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گۇاڭجۇدىكى جۇجياڭ ئېغىزىنى قامال قىلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەپيۇن ئۇرۇشى رەسمىي باشلانغان. لېنىن: «ئۇرۇش — سىياسەتنىڭ يەنە بىر خىل ۋاسىتىسىنىڭ داۋامى» دېگەنىدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئا ھۆكۈمىتى قوزغىغان ئەپيۇن ئۇرۇشى ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپيۇن ئەتكەسچىلىك سىياسىتىنى قوغداشنىڭ داۋامى ئىدى.

**2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇشىغا ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى، ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى سەۋەب بولغان**

1 - قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى ئۈزۈلۈپ، ئۈزۈلۈپ ئىككى يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلدى، ئۈچ قېتىم ئۆرلەپ، ئۈچ قېتىم پەسىيىپ، 12 قېتىم كىچىك جەڭ بولدى، ئاخىرى 1842-يىلى 8 - ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاياغلاشتى. مەغلۇپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىي تۈزۈم چىرىكلەشكەن، ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي تېخنىكا ئارقىدا قالغان، ئەپيۇن ئۇرۇشىدا

نىڭ مەغلۇپ بولۇشى «ئارقىدا قالغانلار تاياق يەيدۇ»، دېگەن داۋلىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدا ئۇرۇشقۇچى ئىككى تەرەپتىن قارىغاندا، ئادالەت، شەك-شۈبھىسىزكى، جۇڭگو تەرەپتە ئىدى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرى، روشەنكى، قورال - ياراق جەھەتتىن ئۈستۈن تۇراتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقىنى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 60 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىن كەلگەن ئىدى، جۇڭگوغا كەلگىچە تۆت ئاي كېتەتتى، ئەسكەردي كۈچى تولۇق ئەمەس، تەمىناتى قىيىن ئىدى. ئۇرۇش باشلانغاندا، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىلىرى قوشۇلغاندا ئاران 4000 ئادەمگە يېتەتتى، زەمبىرەك ئورنىتىلغان پاراخوتى ئاران 16 ئىدى، كېيىن 25كە كۆپەيگەن، ئەسكىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 مىڭدىن ئاشمايتتى، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئاساسەن مۇستەملىكىسى ھىندىستاندىن يۆتكەپ كېلەتتى، ھىندىستاندىن جۇڭگوغا دېڭىز ئارقىلىق بىر ئايدا ئاران كەلگىلى بولاتتى، ئەسكىرى تولۇق بولمىغانلىقتىن، بىر يەرنى ئۇزۇنغىچە ئىگىلەپ تۇرالمايتتى. ئەسكەردي كۈچىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىچكى جايلارغا ئانچە ئىچكىرىلىمەلمەيتتى، پەقەت تويۇقسىز ھۇجۇمغا پوپوزا قىلىشقا، ئەمەلىيەتتە قاراقچىلارچە تەۋەككۈلچىلىككە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى.

جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئەۋزەل شەرت - شارائىتلىرى بار ئىدى، جۇڭگو تاجاۋۇزچىلارغا قارشى قوغدىنىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، خەلقى كۆپ، ئەسكىرى كۆپ ئىدى. ئازسانلىقتىكى خائىنلاردىن باشقا، كەڭ خەلق ئاممىسى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئىدى، مەسىلەن: گۇاڭجۇنىڭ سەنيۇەنلى رايونىنىڭ 103 يېزىسىدىكى خەلق قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەن كاتتىباشلىرىنى تۇتۇپ، بايراقچىلىرىنى چېپىپ، ئەسكەرلىرىنى قىرىپ، دۈشمەنلەرنى قاتتىق قورقىتىۋەتكەن ئىدى؛ شەرقىي جېجياڭ خەلقى قاراكىيىملىك ماتروس قوشۇنى تەشكىللەپ، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى يۈرەكزادە قىلىۋەتكەنىدى؛ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالدا، مۇستەھكەم رەھبەرلىك بولغان بولسا، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ناچار شارائىتىدىن پايدىلىنىپ خەلققە تايىنىپ ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان بولسا، جۇڭگونىڭ مۇداپىئە ئۇرۇشى جەزمەن مەغلۇپ بولمىغان بولاتتى. تارىختا ئاجىز دۆلەتنىڭ كۈچلۈك دۆلەتنى يەڭگەنلىكىگە دائىر مىسال يوق ئەمەس، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى چىرىك، ئىقتىدارسىز بولغانلىقتىن، پايدىلىق شارائىتلار تولۇق رول ئوينىيالمىدى.

ئەپيۇن ئۇرۇشى بولغان چاغدا، جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن باسقۇچىدا تۇراتتى. پۈتكۈل ھۆكۈمران گۇرۇھ، بىر قىسىم ئىلغار زاتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۆت ھەم جاھىل ئىدى، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئۆتكۈر ھالدا قارىمۇقارشى ئىدى. داۋگۇاڭ خان ئەيشىنجۆلو مىنىنىڭ قاتارلىق تەسلىمچىلەرنىڭ دۇنيادىن خەۋىرى يوق ئىدى، ئۇلار بىر تەرەپتىن، قارىغۇلارچە ھاكاۋۇرلۇق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەندىن يولۋاستىن قورققاندەك قورقاتتى. ستراتېگىيە ۋە فاكتىكا جەھەتتە تەۋرىنىپ، بىر قارارغا كېلەلمەي، بىردەم ئۇرۇشسا، بىردەم سۈلھى قىلاتتى، ئەتىگىنى چۈشۈرگەن بۇيرۇقىنى كەچتە

ئۆزگەرتىۋېتەتتى، ئۇلار قارشىلىق كۆرسەت-
كۈچلەرنى باستۇراتتى، خەلق بىلەن ئۆچە-
كىشەتتى. شۇڭا، جۇڭگونىڭ پايدىلىق ئامىل-
لىرى جارى بولمىدى. 1840 - يىلى 8 - ئايدا
ئەنگلىيىنىڭ بىر قانچە ھەربىي پاراخوتى
تيەنجىن پورتىغا كەلگەندە، ئالاقزادە بولۇپ
كەتكەنلىكتىن، ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇشتا
خىزمەت كۆرسەتكەن گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشىنىڭ
باش ۋالىيسى لىن زېشۈي بىلەن فۇجيەن -
جېجياڭنىڭ باش ۋالىسى دىڭ تىڭجېڭنى مەن-
سەپتىن ئېلىپ تاشلاپ، شىنجاڭغا سۈرگۈن
قىلدى. خان 1841 - يىلى 1 - ئايدا ئەنگلى-
يىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، يې-
شەننى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ ئۈستۈ-
رۈپ گۇاڭجۇغا ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىشقا
ئەۋەتتى، يېشەن قاراقچىلارغا قارىغاندا
خەلقتىن بەكرەك مۇداپىئە كۆردى، يەرلىك
خەلققە پۈتۈنلەي ئىشەنمىدى، كونكرېت جەڭ-
لەردە چىڭ قوشۇنلىرى قەھرىمانلارچە قار-
شىلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن: گۇەن تيەنپېي
خۇمېندا، جياڭ جيۇن شامېندا، گې يۈنفېي،
جېڭ گوخۇڭ، ۋاڭ شىپېڭلار دىڭخەيدە، چېن-
خۇاچىڭ ۋۇسۇڭكۇدا، خەي لىڭ جېنجياڭدا...
شۇنداق قىلدى. لېكىن، تۈزۈمنىڭ چىرىك،
تەييارلىقنىڭ بوش، مەشقنىڭ كەمچىل بول-
غانلىقى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ باردى. بولۇپ-
مۇ بەزى سەركەردىلەر جەڭ مەيدانىنى كۆ-
رۈپلا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، ئۆزىمۇ ئال-
داندى، باشقىلارنىمۇ ئالدىدى. مەسلىھەتچى
ۋەزىر ياڭ فاڭ گۇاڭجۇدا يەرلىك ئەمەلدار-
لارنى خەلقتىن تاھارەت توگى يىغدۇرۇپ، سال-
غا بېسىپ سۇغا تاشلاپ، ئەنگلىيە قوشۇنلى-
رىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان
ۋە بۇنى ئەپچىل پىلان «زەھەر بىلەن زەھەر-
نى قايتۇرۇش» دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ بۇ پى-
لانى كۈلكىگە قالغان، بەزىلەر پاخالدىن
قارانچۇق ياساپ، قورقۇنچنى بېسىپ ئۆزى-
گە غەيرەت بەرگەن، بەزىلىرى ئەۋلىيا - ئەن-
بىيالاردىن ياردەم تىلىگەن. نەتىجىدە نۇر-
غۇن جەڭ مەيدانلىرىدا شەپىنى كۆرۈپلا
تىرە - پىرەن بولۇپ كېتىشتەك شەرمەندىلىك-
لەر يۈز بەرگەن. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ چى-
رىكلىكى ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى
قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىقتىساد
ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى قالاقلىق قورال -
ياراقلارنىڭ قالاق بولۇشىنى بىۋاستە كەل-
تۈرۈپ چىقارغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ماترۇس-
لىرى، ئاساسەن، ياغاچتىن ياسالغان يەل-
كەنلىك كېمىلەرگە تايىناتتى، يەلكەنلىك
كېمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نېپىز تاختايدىن
ياسالغان بولۇپ، بىر نەچچە تېگىپ كەتسىلا
تېشىلىپ كېتەتتى، ئەسكەرلەرنىڭ قورال-
لىرى ئاساسەن كونا مىلتىق، زەمبىرەك،
ئوقيا، نەيزە ئىدى. لىن زېشۈي: زەمبىرەكلەر-
نى ئالساق «ئۇلارنىڭ زەمبىرىكى ئون نەچچە
چاقىرىم يىراقلىققا يېتىپ بارالايدۇ. بىزنىڭ
زەمبىرەكلىرىمىز ئۇلار تۇرغان يەرگە بارال-
مايدۇ، ئۇلارنىڭ بىز تۇرغان يەرگە كېلە-
لەيدۇ، بىزنىڭ قوراللىرىمىز خىل ئەمەس،
ئۇلارنىڭ زەمبىرەكلىرى ئارقا - ئارقىدىن
ئېتىلىدۇ، بىز بىر پاي ئاتقاندىن كېيىن،
ئىككىنچى پېيىنى ئاتقىچە خېلى ۋاقىت كې-
تىدۇ، تېخنىكىمىز ياخشى ئەمەس» دېگەنىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى-
نى زەمبىرەكلىرىنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ، دۈش-
مەننىڭ ھەربىي پاراخوتىغا قاتتىق زەربە
بېرەلمەيتتى، نۇرغۇن زەمبىرەكلەر قوپال،
تۆشۈك بولۇپ، ئاتقاندا زەمبىرەكنىڭ ئۆزى
پارتلاپ كېتەتتى، نۇرغۇن زەمبىرەكلەر بەك
كونىراپ كەتكەن، 300 يىل بۇرۇن مىڭ سۇلا-

لىسى دەۋرىدىن قالغان زەمبىرەكلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. يۇقىرىقى ئىككى سەۋەب ئىچىدە، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. لىن زېشۈي گۇاڭجۇدا جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقاندا، چەت ئەلدىن سېتىۋېلىپ خۇمەندىكى پوتەيگە ئورۇنلاشتۇرغان 200 زەمبىرەك دۈشمەننى يېڭىشتە رول ئوينىغان. كېيىن لىن زېشۈينىڭ ئورنىغا كەلگەن تەسلىمچى چىشەن بۇ زەمبىرەكلەر بىلەن بىر پاراخوتنىمۇ زەخىملەندۈرەلمىگەن، سوقالمىغان. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ، قورال ياخشى بولغان بىلەن ئۇنىڭ قانداق ئادەمنىڭ قولىدا بولۇشىغىمۇ باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى داۋگۇاڭ خان باشچىلىقىدىكى چىرىك تەسلىمچىلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. داۋگۇاڭ خان قاتارلىق تەسلىمچىلەرنىڭ نومۇسسىز قىلمىشلىرى تارىختا مەڭگۈ يېزىلىدۇ.

ئەپيۇن ئۇرۇشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭسىز «نەنجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىشى بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇزاق ئۆتمەي «جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيىنىڭ بەش ئېغىزدا سودىنى يولغا قويۇش نىزامى»، «بەش ئېغىزدا سودىنى يولغا قويۇشنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر» دېگەن ئىككى قوشۇمچە شەرتنامە ئىمزالاندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، جۇڭگونىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. كۈچلۈك غەرب دۆلەتلىرى ئاچ بۆرىلەردەك جۇڭگوغا ئېتىلىپ كېلىپ، كۆپ قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. 1840 - يىلىدىن 1911 - يىلىغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن 400دىن ئارتۇق ھەر خىل شەرتنامە، نىزام ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ زېمىنى بۆلۈۋېلىندى، ئىگىلىك ھوقۇقىغا چاڭ سېلىندى، بايلىقى يۇتۇۋېلىندى، خەلقى قۇل قىلىندى. جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىق جەمئىيەت ئورنىغا چۈشۈپ قالدى.

ھازىر ئەشۇ ئېچىنىشلىق يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، زۇلمى مەڭگۈ ئېسىمىزدىن چىقمايدۇ. سان-ساناقسىز ئىرادىلىك زاتلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش يولىدا بەرگەن زور قۇربانلىرى ئېسىمىزدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. بىز چوقۇم جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك جاسارىتىمىزنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، جاھانگىرلار ۋە خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىي ئاغدۇرمىچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، جاھانگىرلارنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىدىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاھانەتنى ئەستىن چىقارماي، كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

خالىدە تەرجىمىسى

# شىنجاڭ كارىزلىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇر مۇنۇپ

— بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى، خېخەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوشۇمچە پروفېسسورى بولۇپ، بۇرۇن ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك قىلغان ساھەلەردە ئىلمىي باشلامچى ھەم ئەمەلىي تەشكىللاتچى بولغان بولسا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىگە نازىر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەمۇرىي رەھبەرلىك خىزمىتىگە بېرىلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سۇ ئىگىلىكى جەھەتتە ئەتىراپلىق ئىزدىنىشكە باشلىغان ھەم شىنجاڭنىڭ سۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئاساس قىلىپ، خېخەي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارغا لېكسىيە سۆزلەپ، خېلى زور قىزىقىش قوزغىغان. بۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ بىر تامچىسىدۇر.

---

جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق ياراتقان. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس پارلاق مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇانىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. كارىز ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، جۇڭگودىكى ئۈچ مۆجىزە (سەددىچىن سېپىلى، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى، كارىز)نىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر، ئۇ، تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان.

لېكىن، بىزدە ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئاز - تولا ئۆزەكى قاراشلار بىلەن تولغان بەزى مۇلاھىزە پىكىرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كارىز تەتقىقاتى تېخىچە بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ساھەدە بەزى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭقۇر ئەمەس. 1990- يىلى 8- ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق كارىز تەتقىقاتى مۇھاكىمە يىغىنى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا ناھايىتى زور تۈرتكە بولدى. مەنمۇ ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا، پېشقەدەم كارىزچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن، بىرقانچە ئون كارىزنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ۋە ئۆگەنگەن ئەھۋاللىرىمغا ئاساسەن، كارىز ھەققىدە ئاز - تولا ئىزدەندىم. بولۇپمۇ تۇقسۇننىڭ كۆكجاي يېزىسىدىكى پەنجىر تاغدىن بايقالغان تاش خەرىتە بىزنى كارىز تارىخى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق تارىخىي پاكىتلار بىلەن تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى كارىز تەتقىقاتى خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىردەك ئىلمىي قاراش ھاسىل قىلىشقا ئاز - تولا پايدىسى بولار دېگەن مەقسەتتە، كارىز ھەققىدىكى بەزى ئۆزەكى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ساھەدە

ئەجىرسىڭدۈرۈۋاتقان يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**1. شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ تارقىلىش مەنبەسى**

كارىز، ئاساسەن، قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن قەدىمكى سۇ ئىنشائاتى، شۇنداقلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى.

**1) كارىزنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولۇشى ۋە ئىجاد قىلىنىشىدىكى ئاساسىي شەرتلەر:**

شىنجاڭدا كارىز، ئاساسەن، تۇرپان، قومۇل ۋىلايىتىدە ھەم گۈچۈڭ، مورى، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بار. كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي كىلىماتى بىلەن تارىختىكى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

**(1) كىلىمات ئامىلى**

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ قەدىمدىنلا «ئوت يۇرتى» دېگەن نامى بار، بۇ يەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 49 گرادۇس، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 16.6 مىللىمېتىر، ئەڭ ئاز ھۆل - يېغىن مىقدارى 2.9 مىللىمېتىر. كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە پارلىنىش 2844.9 مىللىمېتىر، قىروسىز مەزگىلى 230 كۈن. تەڭرىتاغدىن كېلىدىغان يامغۇر سۈيى ۋە ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى بۇ قۇرغاق رايوننىڭ بىردىنبىر سۇ مەنبەسىدۇر. لېكىن، بۇ سۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ چۆلدىكى قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى بىۋاسىتە باشلاپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى قىيىن، شۇڭا، كارىز مانا مۇشۇ قۇم - شېغىل قاتلىمىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان يەر ئاستى سۈيىنى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىرىدىغان بىر خىل سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتىدۇر.

**(2) گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى**

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى بوغدا تېغى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 3000 — 4000 مېتىر، ئاساسىي چوققا دېڭىز يۈزىدىن 6500 مېتىر ئېگىز، بۇ تاغلىق رايونلارنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئىنتايىن مول، بۇ قار - مۇز سۇلىرى تۇرپاندىكى دەريالارنىڭ ئاساسلىق تولۇقلىنىش مەنبەسى بولۇپ، ھەر يىلى 800 — 900 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئالغۇي، قارايۈزى، داخىيەن، تارلاڭ، كۆكيار قاتارلىق جىلغىلار ئارقىلىق ئويمانلىققا ئېقىپ كىرىدۇ. تاغ ئالدىدا 20 — 30 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى كونۇسسىمان كەلكۈن تىنمىسى خېلى چوڭقۇر شېغىل - تاش قەۋىتىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يەر يۈزى ئۆكلۈنى 1 — 20 گىچە كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر ئاستى سۈيى مول بولۇپلا قالماي، بەلكى كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى تېيىز (ئادەتتە 60 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە). بۇ جاينىڭ جەنۇبىدا كايىنوزوي دەۋرى (يېڭى ھايات ئېراسى) دىكى قۇم - تاش جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان يالقۇنتاغ بار. تاغنىڭ شەرقتىن جەنۇبقىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 7 — 8 كىلومېتىر بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ. يالقۇنتاغنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار بولغاچقا، شىمالدىن كەلگەن يەر ئاستى سۈيىنى توسايدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەر ئاستى سۈيى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ،

كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى ئېشىپ ئېيىزلىشىدۇ. نەتىجىدە بىر قىسىم سۇلار يالقۇنتاغنىڭ بەزى يوچۇقلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ بۇلاقلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ سۇلار يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئاساسلىق تولۇقلىنىش مەنبەسىدۇر. يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇگىلۇنى تەدرىجىي كىچىكلەپ، 1 — 50 تىن 1 — 100 گە ئۆزگىرىدۇ. يەر قەۋەتىدىكى دانىچىلارمۇ ئۇششاقلاپ، سۇلۇق قەۋەت شارائىتى تاغنىڭ شىمالىغا قارىغاندا ناچارلىشىدۇ. بۇغدا چوققىسىنىڭ تاغ باغرىدىن ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئايدىڭكۆلگىچە بولغان تۈزلەڭلىك ئارقىلىق 50 — 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەمما ئىككى جاينىڭ ئېگىزلىكى 1050 مېتىرغا يېتىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مانا مۇشۇنداق گېئولوگىيىلىك يەرشەكلى ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى كارىزنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئالاھىدە مۇھىتىنى شەكىللەندۈرگەن. دېمەك، شىنجاڭ كارىزلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە شارائىتىدىن چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ.

**(3) قەدىمكى زاماندىكى تېرىقچىلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى**

پادىشاھ خەنۇۋدى غەربىي رايونلار بىلەن ئالاقە ئورناتقاندىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە، تۇرپان غەربىي رايونغا ماڭىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ۋە ئەينى چاغدىكى تېرىقچىلىق مەركىزى ئىدى. بۇ يەردىن ئېلىنغان ئاشلىق بىلەن شۇ جايدىكى ئاھالىلەر ۋە شەھەرنى قوغدىغۇچى لەشكەرلەر تەمىنلىنىپلا قالماستىن، يەنە شۇ يەردىن ئۆتىدىغان ئەمەلدارلار، لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك ئاشلىق تەييارلىناتتى. لېكىن، ئەتىيازدا بۇلاق سۈيى ۋە ئاز مىقداردىكى دەريا سۈيى ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. تۇرپاننىڭ تېرىقچىلىق مەۋسۇمى ۋە سۇنىڭ پەسىللەرگە تەخسىملىنىش ئەھۋالى بىلەن قىياس قىلغاندا، ئەھۋال مۇنداق بولىدۇ: ھەر يىلى 2- ئاينىڭ 10- كۈنلىرى يازغى بۇغداي تېرىلىشقا باشلايدۇ؛ 3- ئاينىڭ باشلىرى كۆكتات تېرىلىدىغان يەرلەر ئوسا قىلىنىپ، 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆكتات تېرىلىدۇ؛ 3- ئاينىڭ 20- كۈنلىرى كېۋەز تېرىلىدىغان يەرلەر ئوسا قىلىنىپ، 4- ئاينىڭ باشلىرى كېۋەز تېرىلىدۇ. لېكىن، ئادەتتىكى يىللاردا تەڭرىتاغقا يېغىلغان قار - مۇزلار 6- ئاينىڭ 15- كۈنلىرىدىن كېيىن كۆپلەپ ئېرىپ كەلكۈن پەيدا قىلىدۇ، 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى دەريالاردىكى سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى پۈتۈن يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ ئاران 15 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. كېلىدىغان سۇ مىقدارى بىلەن دېھقانچىلىققا ئېھتىياجلىق سۇ ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق چوڭ پەرق تارىختىكى يىللاردا ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىقنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭدىن 2600 يىل ئاۋۋال تۇرپان ئويمانلىقى تەڭرىتېغىنىڭ قار - مۇز سۇلىرى، بۇلاق سۇلىرىنى ئۆزىنىڭ سۇغىرىش مەنبەسى قىلغان، ئەجدادلىرىمىز بۇ زېمىندا بوستانلىق بىنا قىلىپ ياشاپ كەلگەن. لېكىن، تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دەريالاردىكى سۇ ئازلىغان ياكى ئېقىنلار كۆچكەن، بۇلاق سۇلىرى ئازلىغان ياكى قۇرۇپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، قەدىمكى زاماندىكى تۇرپان خەلقى (ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە ئادەملەر تارقاق،

ئەمگەك قوراللىرى ئاددىي) تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۆزگىچە بۇ مۇھىتتا بۇلاق كۆزلىرىنى ئېچىپ، كولاپ ئۇزارتىش ئارقىلىق سۇ كۆپەيتىش يولىنى تاپقان. بۇلاق كۆزىنى كولىغانسېرى بۇلاق چېكىنگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇلاق كۆزىنى قوغلاپ تىلما تىلغان (سۇ باشلاش ئېرىقى)، تىلما ئۇزۇراپ دۆڭ يارغا دۇچ كەلگەندە سۇ باشلاش تەشمىسى تەشكەن، تەشمە ئۇزارغانسېرى توپا چىقىرىش، نەپەس ئېلىش مۇشكۈل بولۇپ، توپا چىقىرىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تەشمە ئۈستىدىن قۇدۇق قېزىشقا توغرا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلاقنى قوغلاپ تىلما (بەش مېتىردىن 100 مېتىرغىچە)، تەشمە (200 مېتىردىن، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا سەككىز كىلومېتىرغىچە)، قۇدۇق (بىردىن ئىككىگىچە، 50 _ 60 گىچە) كولىغان. دېمەك، تىلما، تەشمە، قۇدۇق شەكلى بىلەن ئۆزى ئېقىپ چىققان بۇلاق سۈيىنى يەر ئاستى سۇ يولى ئارقىلىق يەر يۈزىگە باشلاپ چىققان، مانا بۇ ئىپتىدائىي كارىز پەيدا بولۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

يۇقىرىقى ئۈچ ئۇقۇمنى يىغىنچاقلىغاندا، شىنجاڭدىكى كارىزلارنى شۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا، قۇرغاقچىلىققا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ، بۇلاقلارنى قايتا كولاپ، تەشمە تېشىش، بۇلاق كېڭەيتىش ئارقىلىق سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تەدرىجىي ياراتقان، بۇگۈنگە قەدەر تۇرپان رايونىدا 40 تىن ئارتۇق كارىزنىڭ نامى ئەسلىدىكى بۇلاق نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## 2. شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى

بىز تۇرپاندىكى تەكشۈرۈش جەريانىمىزدا. شۇ جايدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق تۇقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزىسىدىكى ئەنشى كارىز (سۈيى توختاپ كەتكەن)غا 300 نەچچە يىل بولغانلىقى، پىچان ناھىيىسىنىڭ تۈيۈق يېزىسىدىكى تۈيغۇن كارىزىنىڭ مىلادى 1570- يىلى چېپىلغانلىقى، يەنى 400 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

بۇنىڭدىن 1200 يىل ئىلگىرىكى جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىدىقۇت (تۇرپان)دا مەخسۇس سۇ باشقۇرىدىغان ئورگان ۋە ئەمەل نامى بولغان ئىكەن.

تۇرپاندىكى سىڭگىم ئېغىزى سۇ ئامبىرىنىڭ غەربىي توغان بۆلىكى تەرىپىدە بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بولۇپ، ئۇ يەردىكى قەدىمىي قاتلام ئاستىدىن ئىككى دانە ساپال كومزەك ۋە بىر دانە ساپال قاچا قېزىۋېلىنغان. بېكىتىلىشىچە، ئۇلار ۋەي - جىن دەۋرلىرىدىكى بۇيۇملار ئىكەن، ئۇ يەردە يەنە ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر كېلىدىغان بىر كارىز بولۇپ، ئۇنىڭ چىقىش ئېغىزى قەدىمىي شەھەردىن 30 مېتىر يىراقتا ئىكەن، بۇ كارىزنىڭ يەتتە تىك قۇدۇقى بولۇپ، ھەر بىر قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى ئون مېتىر كېلىدىكەن، ھازىر بۇ كارىز قۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئەتىراپتا قەدىمىي شەھەردىن باشقا ھېچقانداق تېرىلغۇ يەرنىڭ بولمىغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ كارىزنىڭ شۇ زامانىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا لازىملىق سۈيىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قېزىلغانلىقىدا گەپ يوق، بۇ، تۇرپاندا

ھازىرغا قەدەر بايقالغان، يىلنامىسى ئەڭ ئۇزۇن كارىز خارابىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى جۇڭگو تارىخىدىكى ۋېي - جىن دەۋرىدىن ھازىرغىچە تەخمىنەن 1500 يىل بولغان.

ھازىر ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا بۇنىڭدىن 2600 يىل ئىلگىرىلا كارىزلارنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆكجاي يېزىسىدىكى پەنجىر تاغىدىن بايقالغان تاش خەرىتىدە، كارىزنىڭ شەكلى ناھايىتى ئېنىق ئويۇلغان. شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى يولداش ئابدۇقېيۇم خوجىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، بۇ تاش خەرىتە قەدىمكى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7- ئەسىردىن 2- ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە ئويۇلغان ئىكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاز دېگەندە 2600 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدا كارىز ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

### 3. شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى

شىنجاڭ كارىزلىرى ئاساسەن تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان مۇشۇ ئىككى رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئادەم، چارۋا ماللارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم سۇ ئىنشائاتى بولۇپ كەلمەكتە. ھازىر شىنجاڭدا 1100 كارىز بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىر، كارىز سۈيىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 400 مىڭ مو ئەتراپىدا. تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدىكى كارىزلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1034 بولۇپ، سۇغىرىلىدىغان يەر 320 مىڭ مو، بۇ، مۇشۇ ئىككى رايوننىڭ ئومۇمىي سۇغىرىلىش يەر كۆلىمىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئادەتتە سۇ يىغىلىش بۆلىكىدىكى تەشمە بىلەن سۇ ئاققۇزۇش بۆلىكىدىكى تەشمە تىك قۇدۇق، سۇ يىغىلىش كۆلى قاتارلىق تۆت بۆلەككە بۆلىنىدۇ. سۇ يىغىلىش بۆلىكىدىكى تەشمىسى يەر ئاستى سۈيى بىلەن تۇتىشىدىغان قىسمى بولۇپ، ئادەتتە «سۇلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ؛ سۇ ئاققۇزۇش تەشمىسى تۆۋەن ئېقىمغا سۇ باشلاپ بېرىدىغان قىسمى بولۇپ، ئادەتتە «قۇرۇقلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ؛ تىك قۇدۇق- شامال ئۆتۈشىدىغان، توپا تارتىدىغان، يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئىشلىگۈچىلەر چۈشۈپ - چىقىدىغان قىسمى بولۇپ، ئارىلىقى ئادەتتە 20 - 50 مېتىرغىچە بولىدۇ، يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى تىك قۇدۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇرى 80 - 100 مېتىرغا يېتىدۇ. سۇ يىغىلىش كۆلى كارىزنىڭ چىقىش ئېغىزىدا بولۇپ، سۇ گورىزونتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. كارىزلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 4-5 كىلومېتىر، ئەڭ قىسقىلىرىنىڭ 400 - 500 مېتىر كېلىدۇ، ئەڭ ئۇزۇنلىرىنىڭ ئون كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

شىنجاڭدىكى كارىزلار گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۈچ تىپقا بۆلىنىدۇ: بىرى، تاغ ئالدىدىكى يوشۇرۇن ئېقىنلاردىن تولۇقلىنىدىغان كارىزلار، بۇ كارىزلار تاغ ئالدىدىكى يانتۇلۇقتىن سىڭگەن يەر ئاستى سۈيىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ سۇ يىغىلىش بۆلىكى قىسقىراق بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى، جىرالاردىكى يوشۇرۇن ئېقىنلاردىن تولۇقلىنىدىغان كارىزلار، بۇ خىلدىكى كارىزلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

سۇ يىغىلىش بۆلىكى ئۇزۇنراق، سۇ مىقدارى كۆپ بولۇپ، تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان؛ ئۈچىنچى خىلى، تۈزلەڭلىكلەردىكى يوشۇرۇن ئېقىنلاردىن تولۇقلىنىدىغان كارىزلار، بۇ خىل كارىزلار سۇغىرىش رايونى ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ناچارراق، سۇ مىقدارىمۇ ئاز.

ھازىر، كارىزلا يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا چېپىلىدۇ. مەسىلەن: قارا چىراق ئارقىلىق يۆنىلىشى بەلگىلىنىپ، جوتۇ بىلەن كولىنىدۇ، توپىسى چىلەك ياكى سېۋەتكە قاچىلىنىپ سىرتقا چىقىرىلىدۇ، چىغىرىق، ئادەم ياكى ھايۋان كۈچى ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلىدۇ. كارىزدىن چىقىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ تۇراقلىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئادەتتە ھەر يىلى چېپىش، لىمىنىنى تازىلاش، مۇستەھكەملەش ۋە ئۇزارتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ھەر يىلى يۇقىرى ئېقىمغا 100 ــ 200 مېتىرغىچە ئۇزارتىلىدۇ. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، كارىزلارنى رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى. ھەر يىلى تۇرپان رايونىدىلا كارىزلارنى ئۆزگەرتىش ۋە رېمونت قىلىش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ ئۆزلىرى توپلىغان مەبلىغى ۋە مەبلەغ ھېسابىدا قوشقان ئەمگىكى 3 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

## 4. شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسى

كارىز تارىختا تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ يەر سۇغىرىش ۋە چارۋا ماللارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، كارىز بولمىغان بولسا، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىنسانلار پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى بولمىغان بولاتتى.

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۇ بايلىقىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش - پايدىلىنىش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. يەنى ئىلگىرىكى كارىزلار زىچ جايلاشقان رايونلاردا، ئۈستەڭ، سۇ ئامبىرى، ماشىنىلاشقان قۇدۇق، كارىز قاتارلىق ھەر خىل سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى، كارىز كولاش تېخنىلوگىيىسىنىڭ قالاق بولۇشى ۋە كارىزلارنى تازىلاش، رېمونت قىلىش شارائىتىنىڭ ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ ناچار بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كارىزلارنىڭ سۇ مىقدارى ئازلاپ كەتتى، خېلى كۆپ كارىزلارنىڭ سۈيى قۇرۇپ كېتىپ تاشلىنىپ قالدى. شۇڭا بۇ ھالەتنى قانداق قىلىپ تېزدىن ياخشىلاش، كارىزنىڭ قىممىتىنى توغرا تونۇپ يېتىش، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلار بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر.

تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، كارىز يەنىلا شۇ جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدىغان ۋە خېلى زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قەدىمىي سۇ ئىنشائاتىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش قىلىش، رېمونت قىلىش

ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تېخنىكىسىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا يېڭىلىساقلا، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق پىلانلاش، ئېچىش، پايدىلىنىش شەرتى ئاستىدا، كارىزدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي سۇ ئىنشائاتى يەنىلا تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىشتىكى قۇرۇلۇش تەدبىرلىرىنىڭ بىرى بولالايدۇ. بىز بۇ يىل ئۈرۈمچىنىڭ جىمساۋزى ۋە ئالتاينىڭ قارا توڭگۇ دېگەن جايلىرىدا بىردىن كارىز كولاپ، يېقىلغۇ مېيى كەمچىل، توكى قىس، باشقۇرۇش سەۋىيىسى قالاق بولغان چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ۋە ئوتلاقلارنى سۇغىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، مېڭىشقا بولىدىغان بىر يولنى تاپتۇق.

بۇنىڭدىن كېيىن كارىزلارنى ئاسراش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشقا ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1. كارىزلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، پىلانلاش جەھەتتە، شۇ جاينىڭ سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش، پايدىلىنىشتىكى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانى ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتىغا ئاساسەن، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. تۇرپان ۋىلايىتى ئۆزلىرىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىشتىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، يۇقىرى ئېقىم رايونلىرىدا دەريا، بۇلاق سۇلىرى بىلەن سۇغىرىش، ئوتتۇرا ئېقىم رايونلىرىدا كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىشنى ئاساس قىلىش، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنى كارىزلارنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا تەسىرىنى ئازايتىش، سۇ بايلىقىدىن تەكرار پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، كارىز، ماشىنىلاشقان قۇدۇق، بۇلاق قاتارلىق ئىنشائاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم، دېگەن پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. كارىزلارنى ئۆزگەرتىشتە، «سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، بىرلىك سۇ مىقدارىنى ئاشۇرۇش، رېمونت قىلىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، قىشتىكى سۈيىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، سۇ بايلىقىنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى ئازايتىش ۋە رېمونت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم. زىيادە ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كارىزلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ يەر ئاستى سۈيى ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىۋېلىش ئاساسىدا، ئىشلەشكە بولىدىغانلىقىنى دەلىللەپ ۋە مەبلەغ ئۈنۈمىنى ئانالىز قىلىپ، ئۆزگەرتىش ئىشىنى ئاكتىپ، ئەمما ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەش لازىم.

3. ھەر يىللىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى مەبلىغىدىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، ئاسراش ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىش لازىم؛ ھەرقايسى جايلار «ئامما ئۆزلىرى توپلاش، دۆلەت ياردەم بېرىش» ئۇسۇلىنى يولغا قويسا بولىدۇ. بولۇپمۇ سۇ مىقدارى كۆپ، چوقۇم رېمونت قىلىنىدىغان كارىزلارغا نىسبەتەن ئاممىنىڭ مەبلەغ جەھەتتە قىيىنچىلىقى بولسا، ئۇلارغا مۇۋاپىق ياردەم پۇلى بېرىلسە بولىدۇ.

4. يېڭىدىن قېزىلىدىغان كارىزلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى لايىھىلىگەندە، شۇ جاينىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا، مۇمكىن قەدەر كارىزلارنىڭ يەر ئاستى سۈيى بىلەن تۇتىشىدىغان «سۇلۇق» بۆلى-

كىنى ئۆزارتىش ۋە ئۇنىڭ مەيدانىنى كېڭەيتىش لازىم. مەسىلەن: ٧ شەكىللىك سۇ كىرىش بۆلىكىنى قوللىنىش ياكى شۇ بۆلەككە كىچىك تۆشۈكلەرنى تېشىش، سۇ يىغىلىدىغان گورىزونتال توغرا تۇرۇبىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كارىزنىڭ سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىش؛ كارىزلارنى تېرەك قويۇپ ئاسراش ۋە سىڭمەسلەشتۈرۈش جەھەتتە بېتون تۇرۇبا، پولات چىۋىقلىق بېتون تۇرۇبا ياكى تېرەك رام قاتارلىقلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

5. كارىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى تېخنىكىسىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇنى زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي شارائىت بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، كارىز قېزىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش، قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. شارائىتى بار رايونلار كارىز قېزىش كەسپىي ئەترىتى قۇرۇپ، كونا كارىزچىلارنىڭ مول تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، ئىلغار تېخنىكىنى كېڭەيتىپ، ئىلغار سايمانلار ۋە ماشىنىلارنى ئىشلەتكۆچى خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىگۈچى خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

6. كارىز باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھازىر بار كارىزلارنى رېمونت قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن يېڭىدىن قېزىلغانلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەخسۇس باشقۇرۇش خادىملىرىنى بېكىتىپ، مۇكەممەل باشقۇرۇش ئاپپاراتىنى قۇرۇش لازىم.

كارىز — ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن، يەر ئاستى سۈيىدىن ئۈنۈملۈك ئېچىپ پايدىلىنىشتا بولىدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمىي سۇ ئىنشائاتىدۇر، ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ ياخشىلىماق، بۇ يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە چوقۇم تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايمىز. قۇرغاق رايون بوستانلىقىدىكى كارىزدىن ئىبارەت بۇ بىر گۆھەر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ چاقناپ نۇر چاچقۇسى.

ئالماس ۋالىلداپ تۇرغان بىلەن ئىسسىقلىق چىقىرالمايدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىنى ماختاشقا خۇشتار كىشىلەر، ئېھتىمال، كەلگۈسىگە ئانچە قىزىقمىسا كېرەك. ئادەم ئېرىشكەن قۇرۇق نام، بالدۇر كەلگەن شان - شەرەپ ئانچە ئىشەنچلىك بولمايدۇ. سىز تېخى ھايات ياشاۋاتىسىز، نېمىشقا سۆزلىگىنىڭىزدىن گۆر ھېيدى چىقىپ تۇرىدۇ؟ سىز تېخى ياش تۇرۇقسىز، نېمىشقا ھەرىكىتىڭىزدىن قېرىلىق چىقىپ تۇرىدۇ؟ سىز دەۋر ھېيىدىن چۆچۈپ قالاي دەمسىز ياكى ياشلىق باھارىڭىزنى ساقلاپ قويۇپ، قېرىغاندا ئىشلەتمەكچىمۇسىز؟ سىز كەلگۈسى بىلەن ھازىرقىنى ئۆلچەۋەرسىڭىز دۆتلىشىپ كېتىسىز، ئەلۋەتتە. سىز دائىم خەلقتىن قانچىلىك نەپ ئالغانلىقىڭىزنى ھېسابلايسىز - يۇ، نېمىشقا خەلققە قانچىلىك نەرسە قەرزدار ئىكەنلىكىڭىزنى ھېسابلىمايسىز؟

ئەخمەتجان قاسىمى

# پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي مېخانىزمنى بەرپا قىلىش ھەققىدە

**باھاۋىدىن سابىر**

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشۈش مېخانىزمى — پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەكمۇ ياكى پۈتۈنلەي بازار ئىگىلىكى بولۇشى كېرەكمۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلە ئېلىمىز ئىگىلىك ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشىگە ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىش-راۋاجلانماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. شۇنداقلا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان كىشىلەر جاۋاب بېرىشتىن قۇتۇلالمايۋاتقان نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلە. يولداش جياڭ زېمىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن نۇتقىدا بۇ مەسىلىگە تولۇق ۋە ئېنىق جاۋاب بەرگەن.

**1. ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ باش نىشانى نېمە؟**

جۇڭگو ئۆزىنىڭ ھازىرقى شارائىتىدا پۈتۈنلەي مۇكەممەللەشكەن بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويالمايدۇ. ئۇ پەقەت سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىلا يولغا قويالايدۇ. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ باش نىشانى، شۇڭا ئېلىمىزدە پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي مېخانىزمنى بەرپا قىلىش كېرەك. مانا بۇ ئىسلاھاتىمىزدىكى يادرولۇق مەسىلە. سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى مۇلۇكچىلىكنىڭ ئوخشىماسلىقىدا. بىز ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرىمىز. كاپىتالىزم خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدا بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋىتى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش ۋە پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىلگىرى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە ھەر خىل مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن، بىز ئاساسىي جەھەتتىن ھەددىدىن زىيادە مەركەز-

لەشتۈرۈۋېتىلگەن، بەك ئۆلۈك بىرلىككە كەلتۈرۈۋېتىلگەن بىرلا خىل بولغان پىلانلىق تەڭشىلىدىغان ئىقتىسادىي باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى يولغا قويۇپ كەلگەن ئىدۇق. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تارىختا مۇئەييەن دەرىجىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان، ئۇچاغدا، بىز خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئاددىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانى بىر خىل بولغانلىقتىن، ئەينى چاغدىكى ئاساسىي ۋەزىپىمىز مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ توپلاپ، ئاساس سالىدىغان. دەسلەپكى سانائەت قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى، بۇ خىل يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ رولى بىرقەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلغانىدى.

كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، 1- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئورۇنلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل پىلان تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا بارغانسېرى ئۇيغۇنلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ خىل تۈزۈلمىدىكى نۇقسان ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىش، بەك ئۆلۈك بىرلىككە كەلتۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، بازارنىڭ (قىممەت قانۇنىنىڭ) تەڭشەش رولىغا سەل قارالغان، ئۇ، ماھىيەتتە، مۇئەييەن دەرىجىدە كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدىكى پىلانلىق ئىگىلىكنى سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك ئورنىغا دەسسىتىكەنلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇنداق ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان تۈزۈلمىنى چوقۇم ئىسلاھ قىلىش كېرەك. لېكىن، بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىز ئىلگىرىكى بارلىق مەسىلىلەرنى «پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى» كەلتۈرۈپچىقارغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىش «پىلانلىق ئىگىلىكنى ئۆزگەرتىۋېتىش»، دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق قاراش ۋە بۇنداق چۈشىنىۋېلىش تۈپتىن خاتا.

ئىسلاھات، ئەمەلىيەتتە، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت. «جك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئومۇمىي گەۋدىدىن ئالغاندا بىزنىڭ يولغا قويىدىغىنىمىز پۈتۈنلەي بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان بازار ئىگىلىكى بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك، يەنى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى».

2. پىلان بىلەن بازارنى «بىرلەشتۈرۈش»نىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكى پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىز سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى، يەنىلا قىممەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئېنىق تونۇغۇزدۇق. بۇنداق بىرلەشتۈرۈش، روشەنكى، ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە، ئۇنىڭ ئىپادىسى:

بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، ئېلىمىزدە ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى زامانىۋى بىرلىك كارخانىلار بار ھەم سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بار، شۇنداقلا، يەن تېخىچە كاۋاسىتىسى قولدىن ئىشلىنىدىغان، ماشىنىلاشقان كارخانىلار بار، يەنە سانسىزلىغان قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىمۇ بار، پىلان ئارقىلىق تەڭشەش پەقەت چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردىلا يولغا قويۇلىدۇ. كىچىك تىپتىكى كارخانىلار، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشى قالاق بولغان ئۇششاق كارخانىلاردا بولسا، پىلان ئارقىلىق تەڭشەش ئارقىسىدا بازار ئارقىلىق تەڭشەش يولغا قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى، ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىك شەكلىدىن قارىغاندا، ھازىرقى باسقۇچتا، ئېلىمىزدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن تاشقىرى، يەنە نۇرغۇن كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ۋە شېرىكلەشكەن كارخانىلار ھەم چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىپ باشقۇرۇۋاتقان كارخانىلارمۇ بار، دۆلەت پەقەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىلا پىلان ئارقىلىق تەڭشەيدۇ.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇششاق تاۋارلار، جۈملىدىن بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى تۈرى كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجمۇ تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى پۈتۈنلەي دۆلەت پىلان ئارقىلىق تەڭشەيدۇ، دېيىش ئەقىلغا سىغمايدۇ، ئۇنى بازار مېخانىزمى ئارقىلىق تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇلازىمەت، رېمونتچىلىق كەسپىگە ئائىت ئەمگەك پائالىيەتلىرىمۇ بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە تايىنىپ ھەل قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئوخشاش بولمىغان ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ياكى ئوخشاش بولمىغان كارخانىلار، تارماقلار ئوتتۇرىسىدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بار، تۈرلۈك مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتا تەڭ باراۋەر بولۇش شەرتى ئاستىدا رىقابەتلىشىش يەنى، تەڭ مىقداردا ئەمگەك ئالماشتۇرۇش، شەرتى بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ شەرتنىڭ مۇھىم مېخانىزمى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بازار پرىنسىپىدىن ئىبارەت.

بەشىنچى، نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىگىلىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى. بازار مېخانىزمى، مۇقەررەر ھالدا، جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، ئىستېمال، تەقسىمات قاتارلىق ھالقىلىرىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا، ھازىرقى باسقۇچتا، ئېلىمىزدە پىلانلىق تەڭشەشتىن ئىبارەت بىرلا خىل شەكىلنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھازىرقى شارائىتتا، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

**3. مۇكەممەل بازار ئىگىلىكى جۇڭگودا مۇتلەق ئاقمايدۇ.** پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش دېگەنلىك پىلانلىق ئىگىلىكنى بازار ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىش دېگەنلىك ئەمەس، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق

تەڭشەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا ئېلىمىزدە بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل قاراش ۋە ئىككى خىل ئەمەلىيەت مەۋجۇت.

بىر خىل قاراشتىكىلەر بىز نۆۋەتتە يولغا قويۇۋاتقان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر جۇڭگودا مۇكەممەل بازار ئىگىلىكىنىڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، بازارنىڭ رولى نۇقۇل ھالدا ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىنىپ، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپى بازار ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش، پىلانلىق ئىگىلىكنى قوشۇمچە قىلىش، دەپ خاتا چۈشەندۈرۈلدى، ھەتتا پۈتۈنلەي بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش كېرەك، دەيدىغان خاتا ئىدىيە يولسىزلىق بىلەن تەشۋىق قىلىندى. بۇ، ماھىيەتتە، پىلانلىق ئىگىلىكنى بازار ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇنغانلىق بولۇپ، بۇ جۇڭگودا تامامەن ئاقمايدىغان ئىش، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە تۈپتىن خىلاپ ئىش. مۇبادا جۇڭگودا بازار ئىگىلىكى راستىنلا يولغا قويۇلىدىغان بولسا، چوقۇم ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتى ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بۇ جەھەتتە بىز چوڭقۇر ساۋاققا ئىگىمىز. مەسىلەن: چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلىدە، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، يەرلىك ئورۇننىڭ باشقۇرۇشىدا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، دۆلەتنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى مۇھىم كارخانىلار يەرلىك ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىدى، بۇ ئۇسۇل، ئەمەلىيەتتە، رايونلار بىلەن رايونلار ئايرىۋېتىلگەن، ئايلىنىش مېخانىزمى راۋان بولمايدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ ھوقۇقى تۆۋەنگە بېرىلىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى بەك كېڭىيىپ كەتكەنلىكتىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق ئىگىلىكى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەشتىن مەھرۇم بولۇپ قالغان ئىدى. مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلىكتىن، يەرلىك ئورۇنلار باشقۇرۇشقا يېتىشەلمەي، ماددىي سەرپىيات ئېشىپ كېتىش، مەھسۇلات سۈپىتى، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش، ئىسراپچىلىق ئېغىر بولۇشتەك قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئىدۇق. «ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق» مەزگىلىدە، بۇ ئەھۋال يەنە تەكرارلانغانلىقتىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالدى، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، خەلقنىڭ ماددىي - مەنىۋى تۇرمۇشى ياخشىلانماي، خەلق ئىگىلىكى گۇمران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئون يىللىق ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلغانلىقتىن كېيىن، بىز دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئازساندىكى مۇھىم مەھسۇلات-

لارغا قارىتا بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى پىلاننى يولغا قويغاندىن تاشقىرى، زور مىقداردىكى مەھسۇلاتلارغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، ئايرىم ھالدا يېتەكچى خاراكتېرىدىكى پىلان ياكى بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى يولغا قويدۇق. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان دائىرىسى كىچىكلىتىلدى. باشقۇرۇش ئۇسۇلىمىزدا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا يەرلىكنىڭ، كارخانىلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، بازارلار ئاۋاتلاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تەدرىجىي ئۆستى.

ئىجابىي-سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، نۆۋەتتە، خەلق ئىگىلىكىنى تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا، بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلان، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ دائىرىسىنى ئايرىشنى يېڭىباشتىن مۇھاكىمە قىلىش نۆۋەتتىكى ئىگىلىكنى تەڭشەشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى بولۇپ قالدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپى بويىچە «پىلاننىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ كۆپ تەكىتلەش كېرەك»، زۆرۈر بولغان مەركەزلەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك، يەنى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسى ۋە سالمىقىنى بەلگىلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاننى يولغا قويۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنى بېكىتىپ، بازار ئارقىلىق تەڭشەشتىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە بولغان پىلان ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىش ھەم ماكرولۇق تەڭشەش، تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەمەلىيەتتە، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن پىلان بىلەن بازارنى باشقۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شەرھلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇ مۇھىم نەزەرىيە مەسىلىسى ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسى»، بۇ مەسىلىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆز ھايات تەجرىبىسىنى ھەر تەرەپلىمە بېيىتمىگەن ئادەمنىڭ تەربىيىسى ئەرزىمەس تەربىيىدۇر.

ئە. تېلمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى

دۇڭ جاۋۋۇ

شىنجاڭدا سۇ مەنبەسى مول، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، تېمپېراتۇرا بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا باپ كېلىدۇ. 1978 - يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ئاشلىقتىن ئۇدا 12 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، پاختىچىلىقنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا ياخشى شارائىت ھازىرلاندى. مەركەز يېقىندا شىنجاڭنى مەملىكەت بويىچە مۇقىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىشنى بەلگىلىدى، بۇمۇ شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەنلىك. ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1990 - يىلى شىنجاڭدا كېۋەز تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى 7 مىليون 300 مىڭ موغا يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ، مەملىكەت بويىچە كېۋەز تېرىلىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ توققۇز پىرسەنت ئۆپچۆرىسىنى ئىگىلەيدۇ، ئومۇمىي پاختا 450 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي پاختىنىڭ ئون پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. 1995 - يىلغا بارغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى 10 مىليون موغا، ئومۇمىي پاختا 600 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەت بويىچە ئىسمى - جىسمىغا لايىق پاختا بازىلىرىدىن بولۇپ قالغۇسى.

بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى ستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. شىنجاڭدا دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، يەنى ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنچە ئاشلىق ساقلاش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، قىزىلچا، مېۋە - چېۋە، ياغلىقدان، پاختىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئىقتىسادىي زىرائەت ئىچىدە پاختىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشنى ئويلىشىشىمىز لازىم. تۈرلۈك ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى ۋە ئۈلگىلىك رول ئوينىشى لازىم. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى پاختا ئىشلەپچىقىرىش تەتقىقاتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا كېۋەز تېرىپ بېقىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. تەمىنات - سودا سىستېمىلىرى ھەم پاختىنى سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى، ھەم پاختىكارلار پىلانلىق تەمىنلىنىدىغان سولياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم. سانائەت تارماقلىرىمۇ يېزا - بازار كارخانىلىرىغا زور كۈچ بىلەن يار-

يۆلەك بولۇشى، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش
سانائىتى ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرىنى پىش-
شىقلاپ ئىشلەشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي
قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنى پاختا ئىشلەپچىقى-
رىشىدا تېخىمۇ زور مەنپەئەتكە ئىگە قىلىشى
لازىم.

شىنجاڭدا كېۋەز تېرىقچىلىقىنى را-
ۋاجلاندۇرۇشتا، تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىم
ھالدا كېڭەيتىش، سورت قۇرۇلمىسىنى مۇۋا-
پىق تەڭشەش، سۈپەت ئۆتكىلىگە چىڭ تۇ-
تۇش قىلىش، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش
فاكجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان، كېۋەز پەرۋىشىدە سەۋىيە
بىر قەدەر ئۆستى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تې-
رىش ۋە كېۋەزنىڭ يېڭى سورتىنى قوبۇل
قىلىش ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقتىن، بىرلىك مەھ-
سۇلات مەلۇم دەرىجىدە ئاشتى، 1986 - يىلى
شىنجاڭدا ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى
52 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن بولسىمۇ،
لېكىن مەملىكەت بويىچە تارىختىكى ئەڭ
ياخشى سەۋىيىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا سەك-
كىز كىلوگرام تۆۋەن، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق
رايونلار بىلەن تۆۋەن مەھسۇلاتلىق رايون-
لارنىڭ پەرقى خېلىلا زور. يۇقىرى مەھسۇ-
لاتلىق رايونلاردا ساپ پاختىنىڭ بىرلىك
مەھسۇلاتىنى 75 كىلوگرامغا يەتكۈزگەن تۈەن-
مەيدانلار، 73.5 كىلوگرامغا يەتكۈزگەن نا-
ھىيىلەر، 100 كىلوگرامدىن ئاشۇرغان چوڭ
سالا ئېتىزلار ۋە 150 كىلوگرامدىن ئاشۇر-
غان يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلار بارلىققا
كەلدى، ئەمما تۆۋەن مەھسۇلاتلىق رايونلاردا
بىرلىك مەھسۇلات ئاران 25 — 30 كىلوگرام-
غىچە بولدى. سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈ-
رۈش، ئۇرۇقلۇقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ماد-
دىي مەبلەغنى كۆپەيتىش، كېۋەز تېرىشتا
ئىلغار تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆزلۈك-
سىز كۈچەيتىدىغانلا بولساق، شىنجاڭدا پاخ-
تىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى يە-
نىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇ يىل بىرلىك
مەھسۇلاتنى 60 كىلوگرامغا يەتكۈزۈشتىن
ئۈمىد زور. يېقىندا مەركەز شىنجاڭنى
يىلىغا 50 مىليون يۈەنلىك كېۋەزلىك ئۆز-
لەشتۈرۈش مەبلىغى بىلەن تەمىن ئېتىشنى
بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايون مالىيەسىمۇ ھەر
يىلى بىر ئۆلۈش مەبلەغنى قىسىپ قېلىپ،
كېۋەزلىك ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان
بولدى. كېۋەزلىك ئۆزلەشتۈرۈش مەبلىغىنى
جەزمەن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش، نۇقتى-
لىق پاختىچىلىق رايونلىرىنىڭ دېھقانچىلىق
ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى پىلانلىق ياخشىلاش،
نۇقتىلىق پاختا بازىلىرىنى مەركەزلىك
ئۆزلەشتۈرۈش لازىم. يېزا ئىگىلىك ئاسا-
سىي ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش، پاختا ئىش-
لەپچىقىرىشىدا ئاساس بازىلارنى بەرپا قىلىش
ئاساسىدا كېۋەز تېرىلغۇسىنى كېڭەيتىش
كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي سىيا-
سەت ئارقىلىق قوللاش ۋە يېتەكلەش؛ پاختا
ئىشلەپچىقارغۇچى بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە
دېھقانچىلىق مەيدانى ئېچىپ كۆلەم ئىگىلى-
كىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش؛ تېخ-
نىكا مەبلىغىنى كۆپەيتىش، يەنى يېڭى تېخ-
نىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، كېۋەز-
نىڭ يېڭى سورتىنى زور كۈچ بىلەن يېتىش-
تۈرۈش، شىنجاڭنىڭ كېۋەز تەتقىقات مەركى-
زىنىمۇ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

شىنجاڭدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈچ رايونغا بۆلۈنىدۇ:
يەنى جەنۇبىي شىنجاڭ پاختىچىلىق رايونى
(ئاساسەن، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم
ئوبلاستى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەت-

لىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ 1 - ، 2 - ، 3 - شىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ شىمالىي شىنجاڭ پاختىچىلىق رايونى (ئاساسەن، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك 6 - ، 7 - ، 8 - شىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ شەرقىي شىنجاڭ پاختىچىلىق رايونى (ئاساسەن، تۇرپان ۋىلايىتى). ئۈچ پاختىچىلىق رايونىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 65%، 30% ۋە بەش پىرسەنت بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي شىنجاڭنى بالدۇر يېتىلىدىغان ئۇزۇن تالالىق پاختىچىلىق رايونى قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇش، شىمالىي شىنجاڭدا بالدۇر يېتىلىدىغان قۇيرۇقلۇق پاختا رايونىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئارا ۋە بالدۇر يېتىلىدىغان ئۇزۇن تالالىق پاختا رايونىنى پىلانلىق ھالدا نۇقتىلىق ئۆزلەشتۈرۈش؛ غەيرىي دېھقانچىلىق پاختىچىلىق رايونلىرىنى قىسقارتىش، ئەلا سۈپەتلىك تاۋار بازىلىرىنى مەركەزلىك ھالدا قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ بىردىنبىر ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى، ئۇزۇن تالالىق پاختا - شىنجاڭ پاختىسى ئىچىدە ئېسىلىنىڭ ئېسىلى، ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، ئۇزۇن تالالىق پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۇزۇن تالالىق كېۋەز تېرىلغان يەر كۆلىمى 400 مىڭ مو ئۆپچۆرىسىدە، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 300 مىڭ دەندىن يۇقىرى بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ھەم چىگىتلىك پاختا ھېسابىدا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تەخمىنەن ئوندىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. 1982 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختىسى ئېكسپورت قىلىنىشقا باشلىدى، خەلقئارا بازاردا پاختىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەن ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ باھاسى مۇقىم ھالدا ئۆسۈپ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودىدا پايدا ئالىدىغان مۇھىم تاۋارلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1986 - يىلى ئېلىمىز ئاساسەن ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىمپورت قىلمايدىغان بولغان ئىدى. دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا ئۇزۇن تالالىق پاختا قىس بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇزۇن تالالىق پاختا بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن تولىمۇ يىراق تۇرماقتا. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلانسا، دۆلەت ئىچى ۋە تاشقى بازارلاردا بازىرى چىقىپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ خېلى ئۆسىدۇ. ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ سېتىلىش باھاسى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، باھاسىمۇ بىر قەدەر مۇقىم. رايونىمىزنىڭ 1986 - يىلىدىكى ئېكسپورت قىلغان پاختىسىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى مىسالغا ئالساق، ئۇزۇن تالالىق پاختا تەخمىنەن 134 ئامېرىكا قادىقى بولغان بولسا، ئىنچىكە تالالىق پاختا ئاران 53 ئامېرىكا قادىقى بولۇپ، ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ باھاسى ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ باھاسى-

دىن 1.5 ھەسسە يۇقىرى بولغان. تاشقى بازاردا سېتىلغىنى بىلەن ئىچكى بازاردا سېتىلغىنىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بىر توننا ئۈزۈم تالالىق پاختىنى ئېكسپورت قىلغاندا 12 مىڭ يۈەندىن 14 مىڭ يۈەنگىچىلىك خەلق پۇلىغا ساتقىلى بولىدۇ. ئىچكى بازاردا شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا سېتىپ بەرسەك، ئاران 7000 يۈەن خەلق پۇلىغا ساتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۈزۈم تالالىق پاختىنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقارغاندا، كۆپلەپ ئېكسپورت قىلغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوت توپلاپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈزۈم تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى سېتىۋېلىش باھاسى ۋە سېتىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بۇ يىل شىنجاڭ ئۈزۈم تالالىق كېۋەز تېرىلغۇسى كۆلىمى 800 مىڭ مو بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە دەرىجىدىن تاشقىرى ئۈزۈم تالالىق كېۋەز 600 مىڭ مو، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 200 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى 45 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈشكە بولىدۇ. 2000 ـ يىلى ئۈزۈم تالالىق پاختا مىقدارىنى 100 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈزۈم تالالىق كېۋەز تېرىلغۇسى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەڭشەپ، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈزۈم تالالىق پاختا بازىسى بەرپا قىلىش لازىم. سورتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، جايلارنىڭ ئوخشىمىغان ئېكولوگىيىلىك شارائىتى ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەم 36 مىللىمېتىردىن يۇقىرى بولغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئۈزۈم تالالىق پاختىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەم 33 مىللىمېتىردىن 34 مىللىمېتىرغىچە بولغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈزۈم تالالىق پاختىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم تالالىق پاختىسىنى خەلقئارا بازاردا تېخىمۇ كۈچلۈك رىقابەت كۈچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئۈزۈم تالالىق پاختا تالاسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

* * *

**«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»** ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىل 3 ـ سانىدىن

**تۇرسۇن ئىمىن تەرجىمىسى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەقلىي قابىلىيەتنى تولۇق يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا

ماگۇيچيۇ

پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى، بولۇپمۇ تەكتىلۇشلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن نيوتون، دارۋىن، ئېيىنشتېيىن، ئېدىسوندەك ئالىملار كىشىلەر تەرىپىدىن ئەقىل - پارا- سەتنىڭ نامايەندىسى، دانالىقنىڭ سىمۋولى، دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئالىملار باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەقلىي قابىلىيىتى ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى: ئېلېكتر ۋە ئېلېكتر مىرقىنىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى كىشىلەرنى مراتلىق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇردى؛ مېخانىكىلارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى كىشىلەرنى قالاق ھەم ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن ئازاد قىلدى؛ تېلېسكوپ ۋە مىكروسكوپنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە ۋە مېدىتسىنانى تەرەققىي قىل- دۇردى؛ ئايروپىلان، راكېتا ۋە ئالەم ئۇچار كېمىلىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى؛ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى بىر مۇنچە ئىشلاردا كىشىلەرنىڭ قولىنى سويۇتتى. مەسىلەن: ئىلمىي ھېسابلاش، ھۆججەت- ماتېرىياللارنى ئاقتۇرۇش، مۇزىكا نوتىلى- رىنى ئىشلەش، ھېسابات دەپتەرلىرىنى باشقۇرۇش، ئامانەت قويۇش ئىشلىرىنى خاتىرىلەش، ستاتىستىكىلىق تەھلىل قىلىش، مەھسۇلاتلارنى لايىھەلەش، ئىسكىلاتلار زاپىسىنى تەكشۈرۈش، سىياسەت بەلگىلەش، سۈنئىي مودېل ياساش، قىدىرىپ تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش - نازارەت قىلىش ئىشلىرىدا كىشىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. بۇ ئىختىرا ۋە ئىجادىيەتلەر كىشىلەرگە يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئېلىپ كەلدى.

ھازىرقى كۈندە، ئىنژېنېرلار يەنە ئەقلىي قابىلىيەت ماھىرلىقى بىلەن نازۇك لايىھىلەش، چىرتيوژ سىزىش ئارقىلىق تۈز- لەڭلىكلىرىمىزدە ئاسمانپەلەك ئىمارەتلەرنى تۇرغۇزدى؛ كەڭ دەريا- ئېقىنلارغا گويا ھەيسەن- ھۈسەندەك كۆۋرۈكلەرنى سالدى؛ قەھرىلىك دولقۇنلار ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان دېڭىزلارغا نېفىت قازىدىغان سەھنە - مەيدانلارنى ياسىدى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەقىل- پاراسەتنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىختىساسلىق بولۇشقا ئىرادە باغلىغان ياش - ئۆسمۈرلەر ئالىملارغا چوقۇنىدۇ، ئىلىم - پەن ساھە- سىنىڭ غولى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇ تۈپەيلى ئۆزلىرىدە بىر قەدەر يۇقىرى ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى بولۇشنىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ بابتا بىز ئەنە شۇ تە- قەززالىقنى دەپ، ئەقلىي قابىلىيەت مەسىلىسى ئۈستىدە بەزى ئىزدىنىشلەردە بولىمىز ھەم ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا ئۆز رولىنى قانداق جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنىمۇ نەزەر تاشلايمىز.

## ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئۇنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىللار

### 1. ئەقلىي قابىلىيەت ئۇقۇمى

كىشىلەر ھەمىشە «ئەقلىي قابىلىيەت» تىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىلىدۇ، لېكىن ئۇنى بىلىشى تامامەن بىردەك ئەمەس. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلار ھېلىمۇ ئىزدىنىش ۋە مۇزاكىرە ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. ھازىر مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەت ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىش ئۇسۇلى كەم دېگەندە 7 ـ 8 تۈرلۈك بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەبىرلەرنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدىكى بىلىش مايىللىقى بىردەكتۇر.

ئەقلىي قابىلىيەت دېگەن نېمە؟ ئاممىباپ سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئەقىللىقلىق دەرىجىسى، يەنى بىر شەخسنىڭ بىلىش قابىلىيىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىي قابىلىيەت ئۇقۇمىغا مۇنداق تەبىر بېرىش مۇمكىن: ئەقلىي قابىلىيەت — ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇچۇرلار ئۈستىدىكى ئەكس ئەتتۈرۈش، بىلىش، ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىدۇر.

پسىخولوگىيىدە، ئەقلىي قابىلىيەت قابىلىيەت كاتېگورىيىسىدە بولغان بىلەن ئىختىساسشۇناسلىقتا، بولۇپمۇ يەن ـ تېخىمۇ ئىختىساسشۇناسلىقتا ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن قابىلىيەت پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەتتە كىشىلەر دەپ يۈرگەن «قابىلىيەت» نىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇ پسىخولوگىيىدە قەيت قىلىنغان يۇقىرىدىكى قابىلىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئەمەلىيەت قابىلىيىتى، ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەتتا تېخى تۇغما قابىلىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەزى تۇغما قابىلىيەت ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر. مەسىلەن: بىئولوگلار كالىسى ئېلىۋېتىلگەن پاقىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تېنىدە غىدىقلاشقا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئادەملەر ئارىسىدىكى گاللۋاڭلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئاجىز بولىدۇ ياكى بولمايدۇ. ئەمما، ئۇلاردىمۇ نورمال ئادەملەردە بولىدىغان تۇغما قابىلىيەت ۋە بەزى پائالىيەت قابىلىيەتلىرى بولىدۇ. مېڭە بۇ قابىلىيەتلەردە قانداق رول ئوينايدۇ؟ بۇ مەسىلىدىمۇ بىئولوگلار قىسقۇچپاقىنى تەجرىبە قىلغان. قىسقۇچپاقا مېڭىسىنىڭ ۋە قورسىقىنىڭ نېرۋا تۈگۈنچىلىرىنى كېسىپ تاشلىغاندا، قىسقۇچپاقا تاكى يېرىلىپ كەتكۈچە يەم يېگەن، ئەگەر ئۇنىڭ نېرۋا تۈگۈنچىلىرى كېسىپ تاشلانمىغان بولسا، ئۇ يېرىلىپ كەتكۈچە يەم يېمىگەن بولاتتى. قىسقۇچپاقىدىكى بۇنداق تۇغما قابىلىيەت ھەرگىزمۇ ئەقلىي قابىلىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئادەم ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان بۇنداق ئورتاق تۇغما قابىلىيەتنى ئەقلىي قابىلىيەت ياكى ئىقتىدار، دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيەت پەقەت چوڭ مېڭىنىڭ بىلىش قابىلىيىتى بولۇپ. ئىقتىدار ئەقىل ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان ئەمەلىيەت قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيەت قابىلىيىتىدۇر. ئادەم ھەر خىل ھادىسىلەر ياكى مەلۇم كېسەللىك تۈپەيلىدىن، مەلۇم تۇغما قابىلىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن، ئەمما چوڭ مېڭە زەخىملەنمىسىلا، ئەقىل يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن: پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئەسەرلىرى بىلەن ئېلىمىزگە مەشھۇر بولغان گاۋسىچى مېنىڭگىت كېسىلى

بىلەن ئاغرىغانلىقتىن، ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنى پالەچ بولۇپ قالغان. ھەتتا ئېنىق سۆزلىيەلمەي، نورمال ئادەملەردە بولىدىغان بەزى قابىلىيەتنى يوقاتقان، ئەمما ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى زەخىملەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان، تەرەققىي قىلغان، ئۇ پىروزا ۋە شېئىرىيەتتە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت نۇرغۇن ئەسەر يازغان. شۇڭا، بىزنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن قابىلىيەتنى پەرقلەندۈرۈشىمىز مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتا قېلايلىق تۇغدۇرىدۇ. توغرا، ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن قابىلىيەت بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئادەتتە قەيت قىلىنىدىغان بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى، كۆپ ھاللاردا، ئىقتىدار (پاراسەت ياكى ئەقلىي ئىقتىدار)نى كۆرسىتىدۇ ھالبۇكى، ئىقتىدارنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئەقلىي قابىلىيەتنى ئاساس قىلىدۇ، ئەقلىي قابىلىيەت، ئىقتىدار ئەقلىي ئەمگەكنى ئاساس قىلغان پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. شۇڭا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، دېپ ئاتاش ئارقىلىق، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل بايلىقىنى ئېچىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغانمۇ بولۇپ قالدى.

كىشىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئەمەلىيەت پائالىيىتى جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشتا زۆرۈر شەرت بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئورۇندايدىغىنى ئەمەلىيەت پائالىيىتى بولماستىن، بىلىش پائالىيىتىدۇر. ئۇ بىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى كەم بولسا بولمايدىغان ئىستەك بىلەن تەمىن ئېتىش ئارقىسىدا ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەلۇم ياكى بەزى كونكرېت ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بارلىق ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنداشتا زۆرۈر بولغان بىلىش پائالىيىتى ئۈچۈندۇر.

پسىخولوگىيىنىڭ قارىشىچە، بىلىشنىڭ پسىخىكا جەريانىنى تەگشەش ئىدراك، دىققەت، خاتىرە، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر قاتارلىق كۆپ خىل تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي قابىلىيەت مۇناسىپ ھالدا كۆزىتىش قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇئەييەن قۇرۇلما شەكلى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى — ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلۈك ئامىللارنىڭ رولى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، نوقۇل ھالدا، ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى بىرەر ئامىلنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسى بەش تۈرلۈك ئامىلدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھەم ئۆزئارا باغلىنىدىغان، ھەم نىسپىي مۇستەقىل تۇرىدىغان، ھەم ھەر قايسىسى ئۆزگىچە رول ئوينايدىغان

قابىلىيەتلەر سىستېمىسىدۇر.

مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، بۇ قابىلىيەتلەر سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان ئامىللار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەقەززا قىلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر خىل دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. مۇنداق مۇناسىۋەتنى بۇ ئامىللار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە تەسىرلىنىش ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي قابىلىيەت مۇئەييەن قۇرۇلمىلارنىڭ قابىلىيەت سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز رولىنى بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بىلىش پائالىيىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا جارى قىلدۇرۇلىدۇ. بىلىش پائالىيىتى داۋامىدا، ئىدراك باشقا پسىخىك جەريانلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى زۆرۈر شەرتتۇر؛ دىققەت باشقا پسىخىك جەريانلارنىڭ بەلگىلىك يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەتلىنىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر؛ خاتىرە باشقا پسىخىك جەريانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ۋە داۋام قىلىشىدىكى كاپالەتتۇر؛ تەسەۋۋۇر باشقا پسىخىك جەريانلارنى ئىجادىي بىلىش پائالىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ۋاسىتە ئامىلدۇر؛ كۆزىتىش، دىققەت، خاتىرە، تەسەۋۋۇرلارنىڭ بىلىش پائالىيىتى داۋامىدا چۈشىنىشلىك، مەقسەتلىك، ئىستېكلىك بولۇشى تەپەككۇردىن ئىبارەت ئەڭ ماھىيەتلىك ئامىلنىڭ بولغانلىقىدۇر. شۇڭا، كۆزىتىش قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى قاتارلىق ئامىللار ئۆزئارا بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ھەر بىر ئامىلنىڭ ئۆزگىرىشى باشقا ئامىللارنىڭ تەقەززا قىلىشىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى سىستېما پۈتۈنلۈكىنىڭ تەقەززا قىلىشىغا ئۇچرايدۇ؛ ھەر بىر ئامىلنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە باشقا ئامىللارغا ۋە پۈتكۈل سىستېمىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى شۇكى، مىكرولۇق قۇرۇلمىلار ئارىسىدا پەرق بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە بۇنداق پەرقلەرنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، كىشىنىڭ تۇغما پەرقىنى يوقاتقىلى بولمايلا قالماستىن، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئوخشاش بولمىغان بىلىش مەسىلىلىرى بىلەن باغلانغان. ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسى يەنى ئوخشاش بولمىغان كەسپىي تەتقىقاتلارغا ئۇيغۇنلاشقان ئەڭ ئەلا مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن: دارۋىن ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى خېلى كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىگە مەنسۇپ قىلىپ كۆرسەتكەن؛ ئېينىشتېين ئۆزىنىڭ تەتقىقات ساھەسىدە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى پەن تەتقىقاتىدىكى ئەڭ ئەمەلىي ئامىل، دەپ چوقۇنغان؛ ئېنگېلس ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى ئىگىلەشنى بايان قىلغاندا، «تەپەككۇرنىڭ تارىخى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق بىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان نەزەرىيىۋى تەپەككۇر»نىڭ زور ئەھمىيىتىنى بەكرەك تەكىتلىگەن.

مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر قانداق مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەتتە بەلگىلىك پاراسەت پەزىلىتى قۇرۇلمىسى بولغان بولىدۇ. پاراسەت پەزىلىتى دېگىنىمىز—

ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىلىش پائالىيىتى جەريانىدىكى ئېنىقسىزلىك زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا قوللىنىدىغان ئالاھىدە ئۇسۇلدۇر. بىلىش پائالىيىتى جەريانىدىكى ئېنىقسىزلىك زىددىيەتنى ھەل قىلىش جەريانى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ھەرىكەت جەريانىدۇر. شۇ سەۋەبتىن پاراسەت پەزىلىتى مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەت پەرقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى، ماھىيەتتە، مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەت ھەرىكەت جەريانىدىكى ئۆزگىچىلىكلەردىن ئىبارەت بولغان بولىدۇ. پاراسەت پەزىلىتىنىڭ مەزمۇنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىشنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە توغرىلىقى، جانلىقلىقى ۋە تەرتىپلىكلىكى، مۇستەقىللىقى ۋە بېقىندىلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاراسەت پەزىلەتلىرى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ھەر بىر جۈپ پەزىلەت ئارىسىدا ئۆزئارا بېقىنىش، ئۆزئارا تەقەززالىقنىڭ قارىمۇ-قارشىلىق بىرلىكى مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ پاراسەت پەزىلىتى مۇشۇ تۆت جۈپ كاتېگورىيىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئالاھىدە بىرىكىشىدۇر. بەزىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە گەۋدىلىكرەك بولسا، بەزىلەرنىڭ ئۇ جەھەتتە گەۋدىلىكرەك بولۇشى، گەۋدىلىنىش دەرىجىسىمۇ ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرقلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر بولىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك پاراسەت پەزىلىتى: كەڭلىكمۇ، چوڭقۇرلۇقمۇ بولغان؛ ئۆتكۈرلۈكمۇ توغرىلىقمۇ بولغان؛ جانلىق ئۆزگىرەلەيدىغانمۇ، رېتىم تەرتىپىمۇ بولغان؛ تولۇق مۇستەقىلمۇ، ياخشى تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلالايدىغانمۇ بولۇشى كېرەك.

## 2. ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىللار

يۇقىرىدا بىز مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسى ئۇقۇمى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق، تۆۋەندە ھەر بىر ئامىلنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى رولى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز؟

1) دىققەت قابىلىيىتى دېگىنىمىز چوڭ مېڭىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇچۇرلار ھەققىدە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تاللاش ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتىدۇر. فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، دىققەت — چوڭ مېڭە رېفلېكسىنىڭ قوزغىلىش مەركىزىدۇر، بۇ، ئادەتتە دىققەت مەركىزى ياكى ئاڭ مەركىزى، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، دىققەت قابىلىيىتىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىدۇر.

پسىخولوگلار دىققەت بارلىق پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ئالاھىدە تەرىپى، ھەر قانداق پسىخىك پائالىيەت دىققەتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇ بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى، دەيدۇ. بەزىلەر دىققەت — ئىشىكتۇر، تاشقى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر روھىي دۇنياغا مۇشۇ ئىشىك بىلەن كىرىدۇ، دىققەت قەلب ئىشىكى، دەيدۇ. بۇ سۆزلەر دىققەت قابىلىيىتىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى رولىنى تولىمۇ ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىققەتنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگەندە، ھەر قانداق شەيئى ۋە تەتقىق قىلىدىغان مەسىلىنىڭ مۇھىم ۋە مەركىزىي نۇقتىسىنى كۆرۈۋالغىلى، تارماق مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، مەسىلىنىڭ ئاساسىي

ئېقىمىغا سەل قاراپ خاتا يەكۈن چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلىلەردە يېڭى ئەھۋال كۆرۈلگەندە، دىققەتنى دەرھال بۇراپ ئەقلىي پائالىيەتنى ئۇيغۇشاۋۇق يولغا باشلاپ، پەن - تېخنىكا خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئىلىم-پەن تارىخىدا ئالىملارنىڭ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا دىققەتنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگەنلىكىگە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ. بەزىدە ھەتتا بەزى كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىپ، باشقىلار تەرىپىدىن مەجنۇن ياكى سارالڭ دەپ ئاتالغانلارمۇ بار. ئەمەلىيەتتە، باشقا ئىشلار ئۇلارنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى ئارقىسىدا، سىرتنىڭ مۇداخىلىسىگە ئاسانلىقچە ئۇچرىمىغانلىقىدىن قىلىپ قويغان ئىشلىرىدۇر. بۇنداق كۈلكىلىك ئىش - ھەرىكەتلەرنى بۇ يەردە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ يۈرمەي، فرانسىيىلىك ھاشارىتشۇناس پابولنىڭ دىققەتنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھاشارەتلار دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئاچقان تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەندە ئېيتقان بىر سۆزىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە كۇپايە قىلىمىز: «زېھنىي كۈچنى بىر مەركىزىي نۇقتىغا يىغىش كېرەك. بىر مەركىزىي نۇقتىغا يىغقاندا، كۈچ خۇددى پارتلاتقۇچ دورىغا ئوخشاش، تەتقىقاتتىكى توسالغۇلارنى پاك - پاكىزە پارتىلىتىپ تاشلايدۇ.»

2) كۆزىتىش قابىلىيىتى دېگىنىمىز ئادەم چوڭقۇر مېڭىسىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق، شەيئىلەرنىڭ تىپىك ئەھمىيەتلىك، تۈپ خاراكتېرلىك تاشقى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ دىققەت قابىلىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر دائىم «دىققەت قىلىپ كۆزىتىپ كۆرۈش»نى تەكىتلەپ، دىققەت قابىلىيىتى بىلەن كۆزىتىش قابىلىيىتىنى چېتىپ سۆزلەيدۇ. دېمەك، دىققەت بولمايدىكەن، كۆزىتىشنىڭ رولى ئاجىزلايدۇ؛ دىققەت بولۇپ كۆزىتىشكە ماھىر بولمىسىمۇ، دىققەتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇ يەردە ئۈنۈملۈك كۆزىتىش ئۈچۈن دىققەت بولۇش، دىققەت بولۇپلا قالماي كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، كۆزىتىش قابىلىيىتى كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ باشقا ئامىللىرىنىڭ رولىمۇ ھەر قاچان بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان كۆزىتىش قابىلىيىتى ئاساسىدىلا تولۇق جارى بولالايدۇ. پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرىدە، كۆزىتىش مەقسەتلىك، پىلانلىق بولغان ئىدراك جەريانى بولۇپ، تەبىئىي شارائىت ۋە تەجرىبە شارائىتىدا كۆزىتىش ھېسسىي ماتېرىياللارنى قوبۇل قىلىش، ئىلمىي پاكىتلارنى توپلاشنىڭ نېگىزلىك يولى بولىدۇ. دارۋىن مۇنداق دەيدۇ: «مەندە ئارتۇقچە چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان زېرەكلىكمۇ يوق. ئېھتىمال، غايىپ بولۇۋاتقان شەيئىلەرنى سېزىۋېلىش ۋە ئۇلار ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش جەھەتتە جامائەتتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن». سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر بىئولوگى پاۋلوپ ھايۋانلارنىڭ شۆلگەي ئاجرىتىپ چىقىرىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى

چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ھېكمىتى «كۆزىتىش، كۆزىتىش، يەنە كۆزىتىش» تىن ئىبارەت بولغان.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ئىنچىكە كۆزىتىش كىشىدە يېڭى تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى كىشىنى بىۋاسىتە كۆزىتىش ماتېرىياللىرىدىن تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئالالايدىغان، تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى بايقىۋالالايدىغان، ئادەتتىكى ھادىسىلەردىن ئالاھىدە قانۇنىيەتلەرنى سېزىۋالالايدىغان ياكى چوڭقۇر ئىزدىنىشنىڭ يىپ ئۇچلىرىنى تۇتۇۋالالايدىغان، شۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ يېتەلەيدىغان قىلىدۇ. يەنە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كۆزىتىش قابىلىيىتى ئىلمىي قىياس، تېخنىكىۋى پىرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئىسپاتلاشنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسى. ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى بولغاندا، يېڭى ئىلمىي پاكىتلارنى بايقاش ئاساسىدا ئىلمىي قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغىلى، ئاندىن تەجرىبە قىلىپ كۆزىتىش، تەكرار ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئىلمىي قىياسلارنى ئىلمىي نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگىلى بولىدۇ. تېخنىكا خادىملىرى كۆزىتىش قابىلىيىتىنىڭ يارىدىمى بىلەن رېئال دۇنيادىن تېخنىك لايىھەلەشنىڭ تەبىئىي مودېللىرىنى سېزىۋالالايدۇ ۋە ئۇلار ئارقىلىق يېڭى - يېڭى تېخنىك لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

3) خاتىرە قابىلىيىتى دېگىنىمىز چوڭ مېڭىنىڭ كەچۈرمىش، شەيئىلەرنى ساقلاش ۋە ياددا كەلتۈرۈش قابىلىيىتىدۇر. خاتىرە قابىلىيىتى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم شەرتى، شۇنداقلا ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ باشقا ئامىللىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھەم ئاساسىدۇر. خاتىرە قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغانسېرى، شۇنچە كۆپ بىلىم ئىگىلەپ ئالغىلى بولىدۇ - دە، بۇ ئارقىلىق تەجرىبە كۆزىتىشلىرىدە مەسىلىلەرنى ئاسان بايقىۋالغىلى بولىدۇ، مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگەندىمۇ تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئېرىشكىلى ھەمدە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، خاتىرە قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغانسېرى بىلىمنى تەتبىقلاپ ئىجادىيەت قىلالايدىغان پۇرسەتمۇ شۇنچە كۆپىيىدۇ. بەزىلەر ئوبرازلىق ھالدا: «خاتىرە قەلب ئامبىرى» دەيدۇ. بۇ ھۆكۈمنامە خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدا ئوينايدىغان ئەمەلىي رولىنى توغرا شەرھىلەپ بېرىدۇ. خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى ئۆلچەشنىڭ ئورتاق ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

① خاتىرىنىڭ سەزگۈرلۈكى: بۇ، خاتىرىنىڭ سۈرئىتىنى كۆرسىتىدۇ؛

② خاتىرىنىڭ داۋاملىشانلىقى: بۇ، ئەستە قالدۇرۇلغان شەيئىلەرنى ياددا تۇتۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى كۆرسىتىدۇ

③ خاتىرىنىڭ توغرىلىقى: بۇ، ئەستە قالدۇرۇلغان شەيئىنى ھاجەت بولغاندا خاتاسىز ياددا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ؛

④ خاتىرىنىڭ زاپاسچانلىقى: بۇ، ئەستە قالدۇرۇلغان شەيئىنى ھاجەت بولغاندا تېزلىكتە ياددا ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

خاتىرە قابىلىيىتى ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ،

تارىختا كارامەت كۆرسەتكەن پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى، دېگۈدەك كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك خاتىرە قابىلىيىتى بولغان.

4) تەپەككۇر قابىلىيىتى دېگىنىمىز ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيىتىنى ۋاسىتىلىق ۋە يىغىنچاق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىدۇر. تەپەككۇر قابىلىيىتى ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇ بارلىق بىلىش پائالىيىتىگە قوماندانلىق قىلىدۇ ھەم كىشىنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېسسىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، كىشىنىڭ تەپەككۇر جەريانى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە سەكرەشنى ئورۇندايدىغان جەرياندۇر. بۇ جەرياندا، كىشىلەر نۇرغۇن ھېسسىي ماتېرىياللار ئۈستىدە شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىپ قېلىش، ساختىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ھەقىقىسىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭدىن-بۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىدىن ئىچكىرىگە كىرىشتىن ئىبارەت رەتلەش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بايقىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەپەككۇر قابىلىيىتى ھېسسىي ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىدۇر.

تەپەككۇر قابىلىيىتى قۇرۇلمىسى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك قابىلىيەتلەر بولىدۇ:

بىرىنچى، تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت، ئاساسلىقى، بىر پۈتۈن شەيئىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان خاسلىقىنى ئايرىۋېلىپ، مۇرەككەپ بىر شەيئىنى بىر مۇنچە ئاددىي شەيئىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، بىلىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ

ئىككىنچى، ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت بىر مۇنچە شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئورتاقلىقىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى بىر پۈتۈنلۈككە تەشكىللەيدۇ. بىر مۇنچە ئاددىي شەيئىلەرنى بىر مۇرەككەپ شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ، بىلىش جەريانىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئابستراكتسىيىلەش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت شەيئىلەرنىڭ ئومۇملىقىدىن ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئايرىۋېلىپ، مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، كونكرېت شەيئى ئۈستىدىكى بىلىشنى نەزەرىيىلەشتۈرىدۇ.

تۆتىنچى، مۇھاكىمە قىلىش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت ئومۇملىقنى ئاساس قىلىپ ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلىش، ئورتاقلىقنى چىقىش قىلىپ خاسلىقنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خاسلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىدۇ.

بەشىنچى، يىغىنچاقلاش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت ئالاھىدىلىكنى ئاساس قىلىپ ئومۇملىقنى تەتقىق قىلىش، خاسلىقنى ئاساس قىلىپ ئورتاقلىقنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئورتاقلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىدۇ.

ئالتىنچى، ئوخشىتىش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت ئاللىقاچان بىلىنگەن شەيئىلەرنى بىلىنمىگەن شەيئىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان جايلىرىنى تاپىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىلىنمىگەن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تاپىدۇ، ئوخشاشمىغان شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ياكى ئوخشاش شەيئىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان قىسىملىرى، ئوخشاشمىغان

ئالاھىدىلىكلىرى، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىدىكى ئوخشاشلىق، ئوخشىماسلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق بەلگىلەيدۇ.

يەتتىنچى، ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى. بۇ، قابىلىيەت ئوخشاشمىغان شەيئىلەر ياكى ئوخشاشقان شەيئىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان قىسىملىرى، ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلىرى، ئوخشاشمىغان تەرەپلىرىدىكى ئومۇمىي نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ.

كىشىنىڭ تەپەككۇرى ئومۇمىي قانۇنىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ھەر بىر كىشىنىڭ تەپەككۇرى يەنە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر تەپەككۇر پەزىلىتىمىزدە ئىپادىلىنىدۇ. تەپەككۇر پەزىلىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىمۇ تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەپەككۇر پەزىلىتى، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، تەپەككۇرنىڭ كەڭلىكى. ئۇ مەسىلىلەرنىڭ كەڭ دائىرىسىنى ئىگىلەپ، ئوخشاش بولمىغان بىلىم ساھەسى ۋە ئەمەلىيەت ساھەسىدە مەسىلىلەرنى ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشتا، شۇنداقلا مەسىلىلەرنىڭ مۇھىم بولغان ئىنچىكە تەرەپلىرى ۋە ئالاھىدە ئامىللىرىغا سەل قارىماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى. ئۇ مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ ئويلاشقا ماھىر بولۇشقا، مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىگە ۋە شەيئىلەرنىڭ يادروسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەسىلە پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ پەزىلەت ئارقىلىق، كىشى مەسىلىنىڭ يىراق - يېقىن سەۋەبلىرىنى كۆرەلەيدۇ، شەيئىلەر پەيدا بولۇشنىڭ تۈرلۈك ئاساسلىرىنى تاپالايدۇ، پەيدا بولغان شەيئىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنەلەيدۇ ھەم ھادىسىلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ كەلگۈسى ئەھمىيىتىنى ئالدىنئالا بىر قەدەر توغرا بايقىۋېلىپ، كەلگۈسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دانا پىكىرلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچى، تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى. ئۇ كىشىلەر ئىدىيىسىنى قاتمال ياكى بىر تەرەپلىمە تار نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللاردىن ئازاد قىلىدۇ. يېڭى ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يېڭى ئەھۋاللارنىڭ تەرەققىياتىغا دەرھال ماسلىشىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى تاپىدۇ. تەپەككۇردىكى جانلىقلىق ئىلىم - پەن ئىجادىيىتىدە تولىمۇ زۆرۈردۇر.

تۆتىنچى، تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقى. تەپەككۇردا مۇستەقىل كىشىلەر ئادەتتە باشقىلارغا، تەييار نەزەرىيە، ئۇسۇللارغا يۆلىنىۋالمايدۇ. ھەر قاچان ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇرى ياكى باشقىلار بىلەن بىللە ئىزدىنىشكە تايىنىپ يېڭى ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. تەپەككۇرنىڭ مۇنداق مۇستەقىللىقى يەنە ئىدىيىۋى تەنقىدنى، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىشنى، توغرا نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردە چىڭ تۇرۇشقا ماھىر بولۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقى يەنە كىشىلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. پەندە يېڭى تەلىمات ياراتقۇچى كىشىلەردە ھەر قاچان تەپەككۇر مۇستەقىللىقى بولىدۇ. ئۇلار خۇراپاتلىقنى چىقىرىپ تاشلاشقا، ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنىڭ

خاتا يەكۈنلىرىدىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، يېڭى نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ياكى يېڭى تېخنىكىلارنى ئىختىرا قىلىدۇ.

بەشىنچى، تەپەككۇرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى. ئۇ، ئاساسلىقى، مەسىلىلەرنى تېز ھەم توغرا ھەل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. تەپەككۇرى ئۆتكۈر كىشىلەر جىددىي مۇھىتلاردا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك قابىلىيەتلىرىنى تېزلىكتە ئىشقا سېلىپ، مەسىلىلەرگە تېز ۋە توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

5) تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى دېگىنىمىز ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ خاتىرە قالدۇرۇلغان ئوبرازلارنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئوبراز يارىتىش قابىلىيىتى، يەنى ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر چوڭ مېڭىدە شەكىللەندۈرگەن ۋاقىتلىق باغلىنىشلار ئۈستىدە يېڭى بىرىكتۈرۈش ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى دىققەت، كۆزىتىش، خاتىرە، تەپەككۇرلار ئاساسىدىكى ئالاھىدە بىر خىل قابىلىيەت بولۇپ، ئۇ يەنە ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسى، ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ «ئۈستقۇرۇلما قىسمى»دۇر. ئۇ، ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر.

تەسەۋۋۇرنىڭ پەيدا بولۇشى بەزىدە بەلگىلىك تاسادىپىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما مول تەسەۋۋۇر ھەمىشە ئەمەلىي تەجرىبە ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئاساسىدا تەبىئىي تىپلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن: پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلار ئايروپىلاننىڭ «تەبىئىي تىپى» بولالايدۇ، سۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلار چۆكمە كېمىلەرنى ئىختىرا قىلىشنىڭ «تەبىئىي تىپى» بولالايدۇ ۋە باشقىلار. دېمەك، ئىلمىي ئىختىراچىلارنىڭ دادىل تەسەۋۋۇرلىرى رېئاللىقنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىق تەسەۋۋۇرنىڭ بۇلىقى ۋە ئاساسىدۇر. ئېينىشتېيىن مۇنداق دەيدۇ: «تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بىلىمدىنمۇ مۇھىم، چۈنكى بىلىم چەكلىك بولىدۇ، تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى بولسا، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئۈستىدە يىغىنچاقلاش ئېلىپ بېرىپ، ئىلغارلىقنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ ھەمدە بىلىم تەرەققىياتىنىڭمۇ بۇلىقى بولالايدۇ». ۋولتېر مۇنداق دەيدۇ: «ئاكتىپ تەسەۋۋۇر ئوي-پىكىر، خاتىرە ۋە قوشۇلمىلارنى بىرلەشتۈرىدۇ، ئۇ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتسىز بولمىغان شەيئىلەرنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ، بىرىكمىۋالغان شەيئىلەرنى ئاجرىتىۋېتەلەيدۇ. ئۇلارنى يېڭىباشتىن گىرەلەشتۈرىدۇ ۋە تۈزەشتۈرىدۇ.» دېمەك، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى مەۋجۇت ئوبيېكتىپ شەيئى، مەلۇمات ۋە ئۇچۇرلار ئاساسىدا خىيال يۈرگۈزۈپ، پىكىر قىلىپ، ئالدىنقىلار ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان قابىلىيەتتۇر. ئەمما، تەسەۋۋۇر ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بىر مۇنچە بولمىغۇر، قۇرۇق، كېرەكسىز ۋە يۈگەنسىز خىياللار بولماستىن، بەلكى ئۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ۋە ئىلمىي ئۇقۇملارنىڭ مەدەت بېرىشىگە مۇھتاج بولغان بىر خىل تەپەككۇردۇر.

### 3. ئەقلىي تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل

مەلۇمكى، نورمال كىشىلەرنىڭ ھەر قانداقىدا نورمال مېڭە بولىدۇ. ئەمما،

ئۇلارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتى ئوخشاش بولمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بولىدۇ، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل نېمە؟ئەقىل تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش بىلەن قالماي، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرگە باشلاپ كىردى، نۇرغۇن كىشىلەردە تۈرلۈك كۆز قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنىمۇ پەيدا قىلدى.

دېمەك، بۇ مەسىلىگە بولغان قاراشلارمۇ تولۇق بىر جەرياندىن ئۆتتى. بەزىلەر مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى قانچە چوڭ بولسا، ئادەم شۇنچە ئەقىللىق بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق دەۋادا بولۇشى ئادەم بىلەن بەزى كىچىك ھايۋانلارنىڭ مېڭە ئېغىرلىقىنى سېلىشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان. ئالايلۇق، ئۇلار: بالاغەتكە يەتكەن ئادەملەرنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1375 گرام كېلىدۇ، مۈشۈك، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن كىچىك بولۇپلا قالماستىن، ئېغىرلىق جەھەتتىمۇ ئادەم مېڭىسىدىن يەڭگىل بولىدۇ، شۇڭا، ئادەملەر ھايۋانلارنى ئېرى - بېرى قىلالايدۇ، دەيدۇ. پەن تەتقىقاتى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ھايۋانلار ئۈستىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا، ھايۋانلار تەرەققىي قىلغانسېرى ئۇلارنىڭ مېڭىسى ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى شۇنچە ياخشى بولغان. بولۇپمۇ چوڭ مېڭىسى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە چوڭ مېڭە پوستلىقى پەيدا بولغان. شۇڭا، ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ مېڭىسى ئادەتتە ئېغىرراق ۋە چوڭراق بولغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مېڭىسى تۇغۇلما قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىپ بارىدىغان مۇھىتقا ئۇيغۇنچان بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ھاجەت بولغان. ئەمما، بۇ مەسىلىنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپىدۇر. بەزى ئالىملار يەنە تەتقىقات ئارقىلىق شۇنى بايقىدىكى، كىتنىڭ مېڭىسى 7000 گرام، پىلنىڭ مېڭىسى 4000 گرام بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ھايۋانلار گەرچە باشقا ھايۋانلاردىن ئەقىللىق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مېڭىسىدىن كىچىكرەك مېڭىسى بولغان ئادەمنىڭ ئەقلىگە تارىختىن بۇيان يېتەلمىدى ھەمدە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. چوڭ - كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئادەم مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىكى پەرقلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئادەملەر مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىكى پەرقنى ئالساقمۇ، بەزى تالانت ئىگىلىرىنىڭ مېڭىسىنىڭ نورمال كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىن كىچىك تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۆتكۈر بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئالايلۇق، ئېينىشتېيننىڭ مېڭىسى ئادەتتىكى كىشىلەردىن كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ تالانتى دۇنيانى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز بولۇش مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى مېڭىدىكى يوشۇرۇن زېھنىي كۈچنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، مېڭە قانچە ئېغىر بولسا، شۇنچە ئەقىللىق بولىدۇ، دەپ قاراش پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. مېڭە ئېغىرلىقى ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىدا

ھەل قىلغۇچ ئامىلمۇ بولالمايدۇ.

بەزىلەر مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى قانچە چوڭ بولسا، ئەقلىي قابىلىيەت شۇنچە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئالىملار بۇ ھەقتە نۇرغۇن سېلىشتۇرما تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى، تەتقىقات جەريانىدىكى بەزى ئەھۋاللار بۇنداق كۆز قاراشلارنى تەستىقلايدۇ. مەسىلەن: پىلنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى 1:560، ئىتنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى 1:250، كىتنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى 1:1400. ھالبۇكى، ئادەمنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى 1:38 بولۇپ، بۇ سېلىشتۇرما يۇقىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقى سېلىشتۇرمىسىدىن خېلىلا چوڭ. ئەمما، يەنە بەزى ئەھۋاللار بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن: شىمپەنزىنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرمىسى 1:20، قۇشلارنىڭ 1:34، چاشقاننىڭ 1:36، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھېچكىممۇ بۇ ھايۋانلارنى ئادەمدىن ئەقىللىق، دەپ ھېسابلىيالمايدۇ.

يەنە بەزىلەر ئادەم چوڭ مېڭىسى پوستىلىقىدىكى ئېرىقچىلار قانچە كۆپ بولسا، ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھايۋانلار ئۈستىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، ئېرىقچىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەقىقەتەن ھايۋانلار چوڭ مېڭىسىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بىر ئالامىتى بولىدۇ. تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش، مۇرەككەپ ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن، چوڭ مېڭە پوستىلىقىنىڭ كۆلىمىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئېرىقچىلار دېگىنىمىز مانا مۇشۇنداق «ئارقا كۆرۈنۈش» ۋە «ئېھتىياج» ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ پوستىلىقىنى ئېچىپ يايىدىغان بولسا، تەخمىنەن 2250 كۋادرات سانتىمېتىر كېلىدۇ، ھالبۇكى، ئاتقا ئوخشاش ئاشۇنداق چوڭ ھايۋانلارنىڭمۇ چوڭ مېڭە پوستىلىقى كۆلىمى 350 كۋادرات سانتىمېتىر كېلىدۇ. شۇڭا، مېڭىمىزدە ئېرىقچىلار قانچە كۆپ بولسا، ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى شۇنچە ئۈستۈن بولىدۇ، دەپ قاراشنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بولسىمۇ، يەنە باشقا بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، ئاساسى يوق. مەسىلەن: يۇنۇس بېلىقىنىڭ چوڭ مېڭە پوستىلىقىدىكى ئېرىقچىلار ئادەمنىڭكىدىن زور دەرىجىدە كۆپ، ئۇ گەرچە ھايۋانلار ئىچىدە بىر قەدەر ئەقىللىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ ھالىتىنى يەنىلا ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى كالۋاكىلارنىڭ چوڭ مېڭە پوستىلىقىدىمۇ ئېرىقچىلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ناھايىتى ئاجىز. شۇڭا چوڭ مېڭە پوستىلىقىدىكى ئېرىقچىلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، ئەمما، ئۇ ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل ئەمەس، دەپ ئېيتىش كېرەك.

ئۇنداق بولسا، ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل نېمە؟ ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ـ ئەمەلىيەت.

ئادەمنىڭ مېڭىسى خۇددى ئادەمنىڭ تۆت ئەزايىغا ئوخشاش، ئىشلەتكەنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشلەتمىگەنسېرى گاللىشىدۇ، چېكىنىدۇ. ئالىملار ئۇزۇن ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.


بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ماددىي ئاساس — نورمال چوڭ مېڭە مېخانىزمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئەمەلىيەت داۋامىدا پەيدىنپەي ئورۇندىلىدۇ. كىشى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بىر «ھالقىلىق باسقۇچ» بولىدۇ، بەزىلەر بۇ مەزگىلنى «بىخلىنىش باسقۇچى» دەپ ئاتايدۇ. فىزىئولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم مېڭىسى ھۈجەيرىلىرىنىڭ شاخلىنىشى ھامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، بوۋاق تۇغۇلۇپ ئالتە ئاي بولغىچە داۋاملىشىدىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن شاخلاپ ئايرىلىش ھالىتىدە تۇرغان مېڭە ھۈجەيرىلىرىدىن تەدرىجىي ھالدا «ئۆسۈكچە»لەر ئۆسۈپ چىقىپ، ھۈجەيرىلەر ئارىسىدا باغلىنىش ۋە سىگنال يەتكۈزۈش سىستېمىسى ھاسىل قىلىدىكەن. بۇنداق باغلىنىش بالا ئۈچ ياشقا كىرگىچە % 70 ـ 80 ئورۇندىلىدىكەن. مۇشۇ جەرياندا، نېرۋا سىستېمىسى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقاچقا، نېرۋا ئەۋرىشىمچانلىققا ئىگە بولۇپ، تاشقى مۇھىتنىڭ غىدىقلاش ۋە تەسىرىنى ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلالايدىكەن. شۇڭا، مۇشۇ مەزگىلدە نېرۋا سىستېمىسىنى مۇۋاپىق دەرىجىدىكى ئوزۇقلۇق ۋە ئىجتىمائىي سىگنال بىلەن تەمىنلىگەندە، ھۈجەيرە تېنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ھۈجەيرە قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغىلى بولىدىكەن. ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشاشمىغان ئامىللارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى «ھالقىلىق باسقۇچ» ئوخشاش بولمايدۇ. بالىنىڭ بىر يېرىم ياش ۋاقتى تىل قابىلىيىتىنىڭ «ھالقىلىق باسقۇچى» بولسا، تۆت ياش ۋاقتى ئوبرازلىق سېزىمىنىڭ «ھالقىلىق باسقۇچى» بولىدۇ.

ھازىر ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئامىللارنىڭ يېتىلىشىدىكى «ھالقىلىق باسقۇچ»لار توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلار بار. بەزىلەر ئۈچ ياشتىن بۇرۇن بولىدۇ دېسە، بەزىلەر ئۈچ ـ بەش ياشقىچە ئارىلىقتا بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئىككى ـ يەتتە ياشقىچە ئارىلىقتا بولىدۇ، دەيدۇ. كونكرېت ياش ئارىلىقى ھەققىدە ئەنە شۇنداق ئوخشاشمىغان قاراشلار بولسىمۇ، ئەمما مېڭىنىڭ يېتىلىشىدە بىر «ھالقىلىق باسقۇچ» نىڭ بارلىقىغا ھېچكىم شەك كەلتۈرمەيدۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق باسقۇچلاردا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى يەنىلا ئىنسانلارنىڭ نورمال چوڭ مېڭىسىنىڭ مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چوڭ مېڭە تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق باسقۇچلىرىدا ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلغان بالىلار ئادەمدە بولىدىغان نورمال چوڭ مېڭىنىڭ مېخانىزمىنى يوقىتىدۇ. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلغان 30 نەچچە بالا تېپىلدى، بۇ بالىلارنى تۈرلۈك ھايۋانلار بېقىۋالغان بولۇپ، ئۇلار قايسى

خىلدىكى ھايۋانغا بالا بولغان بولسا، شۇ-
ھايۋاننىڭ خۇيىنى ئالغان. ئېيىق بېقىۋالغان-
لىرى خۇددى ئېيىقتەك ئېڭىلاپ ماڭىدىغان
ئېيىقسىمان ئادەمگە، مايمۇن بېقىۋالغانلىرى
خۇددى مايمۇندەك دەرەخلەرنىڭ شېخىدا
سەكرەپ يۈرىدىغان مايمۇنسىمان ئادەمگە
ئايلىنىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ
گەۋدىلىك بولغىنى ھىندىستاندىن تېپىلغان
بۆرە بېقىۋالغان ئىككى قىز بولۇپ، بۇلارمۇ
ناھايىتى ئۇزۇن جەھەتلەردە بۆرىنىڭ خۇ-
يىنى ئالغان. ئۇلار گەپ قىلالمايدىغان، ئەم-
گەكنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ چوڭ بولغان.
ئۇلارنى بىر ئادەم ئالتە يىل تەربىيىلەپ
ئوقۇتقاندىن كېيىن، پەقەت بىر نەچچە
ئېغىزلا گەپنى ئۇقالايدىغان، تۆت سۆزنى
ئادەمدەك سۆزلىيەلەيدىغان ھالغا كەلگەن.
كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنى ھەر قانچە
تەربىيىلىگەن بىلەنمۇ، ئۇلار ئادەملىك
ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولالمىغان. بۇلار-
نىڭ ئەكسىچە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى
ۋاقتىدا تاغقا قېچىپ كېتىپ ياۋايىلارغا
ئايلىنىپ كەتكەن ياپونلۇق خىگىچىك جۇگيى
20 يىل ئۆزى يالغۇز ياۋايىلىق تۇرمۇشنى
بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما كىشى-
لىك جەمئىيەتكە قايتىپ كېلىپ 32 كۈن
ئۆتكەندىن كېيىنلا نورمال ئادەملەردە بو-
لىدىغان قابىلىيەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلاي-
دۇكى، ئادەم مېڭىسى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ
مېڭە يەنە ھاياتنىڭ «ھالقىلىق باسقۇچ»-
لىرىدا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇچۇر-
لىرىدا غىدىقلىنىشى، يەنى ئىنسانلار جەم-
ئىيىتىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە قاتى-
نىشىپ تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشى
كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، مېڭە ھەقىقىي
تۈردە تەرەققىي قىلىپ، نورمال ئىنساننىڭ
مېڭىسى بولۇپ شەكىللىنەلەيدۇ ۋە ئەقىلنىڭ
تەرەققىياتى ئۈچۈن ماددىي ئاساس بولا-
لايدۇ. شۇنداق ئىكەن، «ھالقىلىق باسقۇچ»
تىن كېيىنكى ئەقىل تەرەققىياتىدا يەنىلا
ئەمەلىيەت ھەل قىلغۇچ ئامىل بولامدۇ - يوق؟
ئالىملار ئۇزۇن تەجرىبە ۋە تەتقىقات ئارقى-
لىق، چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئىككى خىل
ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.




1

ئۆسۈكچىلەر ئۆزگىرىشىنىڭ ئىشارەتلىك
خەرىتىسى

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۆگىنىش
ۋە ئەمەلىيەت ئارقىسىدا ئادەم چوڭ مېڭىسى-
نىڭ ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىن يېڭى بىر
خىل «بىخ» ئۆسۈپ چىقىدىكەن، مېڭىسىنى
مۇۋاپىق تۈردە ئىشقا سالغانسېرى، بۇ
بىخلار شاخلاپ ئەقلىي قابىلىيەت ئۆسۈپ
بارىدىكەن. مېڭىنى ئۇزاققىچە ئىشلەتمەي
يۈرگەندە، بۇنداق بىخ سولىشىپ كېتىدى-
كەن-دە، ئەقلىي قابىلىيەت تۆۋەنلەپ
كېتىدىكەن. 1- سۈرەتتىكى a نېرۋا ھۈجەي-
رىلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئۇچرىشىش ئەھۋا-
لىدۇر؛ كىشىلەر ئۆگەنگەن ۋە ئەمەلىيەتكە
قاتناشقاندا، يەنى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى
غىدىقلانغاندا، b ۋە c كۆرسىتىلگەندىكى
ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ، b «بىخ» نىڭ ئۆزىلا
يوغىناپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، c
«بىخ»نىڭ داۋاملىق شاخلاپ يېڭىدىن نەچ-
چىلەپ «بىخ» چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرسە-
تىدۇ؛ d بولسا مېڭىنى ئۇزاق مۇددەت ئىش-
لەتمىگەن ئەھۋالدا (ئۆگىنىش ۋە ئەمەلى-
يەتكە قاتنىشىش كەمچىل بولغاندا) بۇنداق
«بىخ»لاردا چېكىنىش ئىكىلىپ چىقىپ، «بىخ»
لارنىڭ سانىدا جىددىي ئازلاش بولۇۋاتقان-

لىقىنى، بەزى «بىخ»لارنىڭ قۇرۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇنداق قۇرۇلما ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ سەۋىيىسىدە تۇراقلىق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئالىملارنىڭ بۇخىل قارىشى گەرچە قىياس باسقۇچىدا تۇرسىمۇ، لېكىن ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان كۆزىتىشلەر ۋە باشقا بىرمۇنچە پاكىتلار بۇنداق قىياسنىڭ ئاساسى پۇختا ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەستىقلىدى. مانا بۇلار ئادەم مېڭىسىنىڭمۇ ئىشلەتسە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، ئىشلەتمىسە چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر قىياسنى ئوتتۇرىغا قويساق ئوشۇقلۇق قىلماس: (1) «بىخ» ئۆسۈكچىلىرى يوغىنىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ھۈجەيرىلەر بىلەن گىرەلىشىش دائىرىسى چوڭىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىي قىلىدۇ؛ (2) «بىخ» ئۆسۈكچىلىرىدىكى شاخلاش كۆپەيگەنسېرى، تېخىمۇ كۆپ ھۈجەيرىلەر بىلەن باغلىنىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىي قىلىدۇ؛ (3) «ئۆسۈكچە»دە ئۇرۇقدان بولۇپ، ئۇنىڭدا نېرۋىنى غىدىقلايدىغان خىمىيىلىك ماددا بار. ئەگەر «بىخ» ئۆسۈكچىلىرى كۆپەيسە، نېرۋىنى غىدىقلايدىغان خىمىيىلىك ماددىلارنى تارقىتىشىمۇ كۆپىيىدۇ ـ دە، نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىكى تەسىرلىنىش كۈچىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىي قىلىدۇ؛ (4) ھۈجەيرە تەنچىلىرىنىڭ ئۆزى يوغىنىغاندا، نېرۋا تالچىلىرى تولىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ھۈجەيرىلەر بىلەن ئۇچرىشىش دائىرىسى چوڭىيىدۇ، ھۈجەيرىلەر ئارىسىدىكى تەسىر كۆرسىتىش رولى بارغانسېرى چوڭىيىپ بارىدۇ ـ دە، بۇنداق ئەھۋاللار ئاخىرى بېرىپ ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مېڭە ۋە نېرۋا سىستېمىسى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ۋە نېرۋا شىلىمشىق ھۈجەيرىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، نېرۋا شىلىمشىق ھۈجەيرىلىرى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى يۆلەش، بېقىش ۋە ئاسراش رولىنى ئۆتەيدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئالىي ئەقلىي پائالىيىتىنى 140 ئەتراپىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى باغلىنىش ۋە ھەمكارلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك پائالىيەتلەر سان ـ ساناقسىز «ئۆسۈكچە» ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بوۋاقلاردىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن نېرۋا ھۈجەيرىلىرى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نېرۋا ھۈجەيرىلىرى يەنىلا ئاددىي ھالەتتە تۇرغاچقا، پىكىر قىلىشتا ئاددىي بولىدۇ. ئۇلار چوڭ بولغانسېرى، ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىسىدا نېرۋا تالچىلىرىدىن نۇرغۇن شاخچىلار ئۆسۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ. سانى ناھايىتى كۆپ بولغان بۇنداق نېرۋا شاخچىلىرىدىكى ھۈجەيرىلەر «ئۆسۈكچە» ئارقىلىق ئۆز ئارا باغلىنىپ، نېرۋا تۈركۈملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، نېرۋا تۈركۈملىرى چوڭ مېڭىدە مۇناسىپ بولغان نېرۋا تۈركۈملىرىنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىنى ھاسىل قىلىپ، ناھايىتى زور نېرۋا سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سىستېما ئارقىلىق ئۇچۇر سىگناللىرى يەتكۈزۈلىدۇ، ساقلىنىدۇ ۋە پىششىقلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر تېلېفون نومۇرىنى

ئەستە تۇتۇپ قالماقچى بولساق، ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان نېرۋا ھۈجەيرىلىرى تورـ كۈمى قوزغىلىدۇ، بىرىنچى قېتىم ئەستە قالدۇرماقچى بولغىنىمىزدا، تېلېفون نومۇـ رىنىڭ بىر كۆلەڭگە ئىزى قالسا، كۆپ قېتىم ئەستە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلگىنىـ مىزدە كۆپلەپ ئىز قالىدۇ ـ دە، مۇشۇنداق تەكرارلىنىش ئارقىلىق بىز ئۇ تېلېفون نومۇرىنى ئەستە تۇتۇۋالىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كۆپ قېتىم تەكرارلانغان ئەستە تۇتۇش پائالىيىتى ئارقىلىق ھۈجەيـ رىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇسسۇكچىلەر ئارقىلىق باغلىنىپ مۇستەھكەملىنىدۇ ـ دە، ئەستە تۇتۇش زۆرۈرىيىتى بولغان ئاشۇ سانىنى مېڭىنىڭ تېگىشلىك ئورنىدا ئەنگە ئېلىپ ساقلايدۇ. بىز قاچان لازىم بولسا، شۇ ئەنگە ئېلىنغان سانى خالىغانچە ئىشلىتەلەيمىز. بۇ يەردە ئەسلەش، قايتىلىـ نىش، باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشتەك ئەقلىي پائالىيەت ئايلانمىسى ھاسىل بولىدۇ. بۇ ھال ئەقلىي تەرەققىياتتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتـ لاپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىزنىڭ ئالىملارنىڭ چوڭ مېڭە ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق، نەزەرىيە جەھەتتە ئېلىپ بارغان تەھلىلىـ مىزدۇر. يەن-تېخىمۇ ئىختىساس ئىگىلىـ رىنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ «ھالقىلىق باسقۇچ»تا چوڭ مېڭە تەرەققىياتى ياخشى بولدى دېگەندىمۇ، ئۇ پەقەت ئەقلىي تەرەققىيات ئۈچۈن سېلىنغان ئاساس بولـ دۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ چەزمەن ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەردە چەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1500 ـ 1900 ـ يىللارـ غىچە دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدە 364 نەپەر مەشھۇر ئالىم ۋە 1057 تۈرلۈك زور مۇۋەپپەقىيەت مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك چېغىدا ئەقىللىق ئاتالغانلارنىڭ سانى پەقەت 18% بولغان. يەنە بەزىلەر بالدۇر يېتىلگەن 1528 نەپەر بالا ئۈستىدە، ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 35 يىللىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ بالىلار ئارىسىـ دىكى 20 پىرسەنتىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرـ چىلىكمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنـ لىكىنى بايقىغان. بۇنداق ئەھۋالدا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار جەھەتتە بەزى مۇرەككەپلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ مەسىلىگە يېتىلىش دەۋرىدىكى ئەقلىي قابىلىيەتنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆمۈرۋايەت ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشقاندىلا، ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ ماڭغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنـ دۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى مەشھۇر ئالىملار بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان. مېندېلېيېۋ: «تالانتلىق بولاي دېسەڭ، ئۆمۈرۋايەت تىرىش» دېگەن ئېيىنشتېيىن ئۆمرىدە 1300 نەچچە خىل ئىختىرا ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ: «تالانت 99% قان ـ تەر، 1% ئىلھامدىن بارلىققا كېلىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى تەكرارلاپ ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇلاردىن باشقا، نوبېل مۇكاپاتىغا ئىككى قېتىم ئېرىشكەن ئايال ئالىم كيۇرى خانىم

www.uyghurkitap.com



45 ئايغىچە ئۇلاپ تەتقىق قىلىپ، 400 تونىنا ئاشقالىتىلىق ئوران رودىسى، 1000 تونىنا خىمىيىلىك دورىلار ۋە 900 تىننا سۇنى تەكشۈرۈپ، بىر گىرام ساپ رادىينى ئايرىپ چىقانچىلىك جاپالىق ئەمەلىيەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن-ھە؟ ئىلىم-پەن تارىخىدا بۇنداق مىساللار سان-ساناقسىز، ئەلۋەتتە.

## مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە يولى

### 1. مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەھمىيىتى

پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى پەن تەتقىقاتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتا بىلىم، ماھارەت، ئىلمىي ئۇسۇل، ئىقتىداردىن ئايرىلالمايدۇ. ھالبۇكى، ئەقلىي قابىلىيەت يۇقىرىدىكى سۈپەتكە يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا ھېچقانداق نەرسە ئىگىلىيەلمەيدۇ. يەنى زامانىمىزدىكى ئەڭ ئىلغار ئېلېكترونلۇق مېڭىمۇ كىشىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئورنىنى تامامەن ئىگىلىيەلمەيدۇ. ياپونىيە ئالىمى چۈەنشيالڭ جىڭگۇاڭ مۇنداق دەيدۇ: «بىلىمنىڭ، قامۇسنىڭ ئورنىنى باشقا نەرسە ئىگىلىيەلىسىمۇ، ئەمما ئىجادىي ئەقلىي قابىلىيەت ئويلاپ چىقىدىغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى لايىھەلەرنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە ئىگىلىيەلمەيدۇ». بىلىم، ماھارەت، ئىلمىي ئۇسۇل ئىگىلەش ئەقلىي قابىلىيەتكە مۇھتاج بولۇپلا قالماستىن، بىلىم، ماھارەت، ئىلمىي ئۇسۇلنى تەدبىقلاشمۇ، ئوخشاشلا، ئەقلىي قابىلىيەتكە مۇھتاج بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت يۇقىرى بولسا، بىلىمنى تېزلىكتە ئىگىلىگىلى ھەمدە ئۇنى جانلىق تەدبىقلاپ توغرا پىكىر قىلغىلى، مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللانغىلى، ئىجادىي پائالىيەتلەرنى ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئەقلىي قابىلىيەت پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىمدۇر. ئەقلىي قابىلىيەت كىشى قابىلىيىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئاشۇنداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقتىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر ھەممىشە مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئادەم يېتىشتۈرىدىغان ئىشلارنى «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش» ۋە «ئەقلىي قابىلىيەت ئوچۇن مەبلەغ سېلىش» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

ئېلىمىز پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئېلىمىز بىر نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە دۇرغانلىقتىن، ئەلىم-تەربىيىدە بىلىمنى قۇلىقىغا قۇيۇپ قويۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قابىلىيەت يېتىشتۈرۈش (جۈملىدىن ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش)كە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئىللەت ساقلانغان. بۇنداق ئاسارەت تېخىغىچە تولۇق تۈگىتىلگىنى يوق. ھالبۇكى، بىز ھازىر يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىي ئېلان قىلىنغان مۇساپىقىلارنى كۈتۈۋېلىۋاتىمىز، تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۈركۈملەپ ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى بولمىسا بولمايدۇ. بىراق، قابىلىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2. مىكرولۇق ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى

كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ چارە-ئۇسۇللىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، مۇنداق توققۇز تۈرلۈك بولىدۇ:

1) غايە، كۆرەش نىشانىسى ۋە ئېنىق ۋەزىپە بولۇش. چۈنكى، بۇنداقتا چوڭ مېڭىنىڭ «ئاكتىپچانلىقى»نى ھەرىكەتلەندۈرگىلى، يەنى ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشنى ئېھتىياج ۋە مۇددىئاغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتشۇناسلىقتىكى «مىكرولۇق ھەرىكەت قانۇنىيىتى»گە، يەنى «سۇبيېكتىپ ئېھتىياج»نىڭ «ئىچكى مۇددىئا»نى پەيدا قىلىشى، «مۇددىئا»نىڭ «ھەرىكەت»نى بەلگىلىشى، «ھەرىكەت»نىڭ «نىشان»غا ئېلىپ بېرىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2) ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقات خىزمىتىگە تازا قىزىقىش. چۈنكى، مۇنداق قىزىقىش ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى نېگىزلىك ئامىللار تەرەققىياتىدىكى ئېھتىياجدۇر.

3) ئىدىيىۋى پەزىلەت يېتىلدۈرۈشكە، ئىرادە ۋە شىجائەتنى چېنىقتۇرۇشقا دىققەت قىلىش. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشى جاپالىق بىر ئەمەلىيەت جەريانى بولۇپ، ئۇ ئاسانلا ئورۇندالمايدۇ، ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى نېگىزلىك ئامىللارنىڭ ئىرادە مۇستەھكەملىكى ئارقىسىدىلا ئۆزىنىڭ رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدۇ؛ ئىلمىي دۇنيا قاراش ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىدا تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى، ئۇ بىر كىشىنىڭ مەسىلىلەرگە قاراشتىكى مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلىغا بېرىپ تاقىلىپ، ئۇنىڭ كۆزىتىش، تەپەككۇر قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىشلىرىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

4) بىلىم ئىگىلەش، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تىرىشىش. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيەت بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولسا، ئىگىلىۋالغان بىلىم، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرىدۇ.

5) تۈرلۈك ماھارەتلەرنى ئىگىلەشكە تىرىشىش. چۈنكى، ماھارەت ئىگىلەش ئەقلىي قابىلىيەتكە موھتاج بولسا، ماھارەت ئىگىلەش جەريانى، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرىدۇ.

6) ئەلا كۆزىتىش ئادىتى يېتىلدۈرۈپ، تۈرلۈك ئەزالارنىڭ ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئوخشاشمىغان تەجرىبە شارائىتلىرىدا شەيئىلەر ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشىغا دىققەت قىلىش، شەيئىلەردىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى بايقاپ، كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بېرىشقا دىققەت قىلىش.

7) ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىگە قاراپ ئېسىل خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ ئېلىپ، قارىلارچە يادلاشنى قەتئىي مەنئى قىلىش. چۈنكى، قارىلارچە يادلاش خاتىرە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى تەكەببۇرلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېسىل بولغان خاتىرە ئۇسۇلى خاتىرە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ ھەمدە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ باشقا ئامىللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزىدۇ. خاتىرە ئۇسۇلىنىڭ مەيلى قانداق بىر خىلىنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئوبيېكتىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىش ئاساسىدا ئەستە قالدۇرۇش، ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنىمۇ بىلىش، ئۇ تەرىپىنىمۇ بىلىش كېرەك؛ ئانالىز قىلىشقا، سېلىشتۇرۇشقا، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇشقا، ئۆگەنگەن بىلىمنى ۋە بۇرۇنقى بىلىملەرنى باغلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك؛ مۇمكىن بولغان

شارائىتتا يەنە چىرتيوژ، گرافىك قاتارلىقلار ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەستە ساقلاشنى كۈچەيتىش كېرەك.

8) ئېسىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىگىلەش. تەپەككۇردىمۇ ئۇنۇم تەكىتلىنىدۇ. بىزنىڭ ھەممىشە ئەقلىي يۈگرەك كىشىلەرگە مەسلىكىمىز كېلىدۇ، ئۇلار بىر دەمدىلا ئويلىۋېتىپ شەيئىلەر ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە توغرا بىر ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ھېچقانداق سىر يوق. بۇنداق كىشىلەرنىڭ زېرەكلىكى پۈتۈنلەي تۇغما سەۋەبلەردىن بولماستىن، بەلكى مەشىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ. چۈنكى، تەپەككۇرمۇ بىر خىل پەن بولۇپ، ئۇنى بىر قانچە قىسىملارغا بۆلۈپ، بىر-بىرلەپ ئۆگىنىشكە ھەمدە ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۆلەكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ. بۇنداق بۆلەكلەرگە ئايرىپ مەشىق قىلدۇرۇش ئۇسۇلى خۇددى چامباشلىقنى ئۆگىنىشكە، ئالدى بىلەن ھەرىكەتلەرنى يەككە-يەككە ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنى مەلۇم تەرتىپ بويىچە ئۇلاپ بىر يۈرۈش چامباشچىلىق تاكتىكىسىغا ئايلاندۇرۇپ، بۇنداق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تاكتىكىنى باشتىن-ئاخىر مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن رەسمىي چامباشچىلىققا سالغانغا ئوخشايدۇ. روشەنكى، بۇنداق ئۆگەنگۈچىلەر رەسمىي مۇشتلاشقاندا چامباشچىلىققا چۈشكەندىن كېيىنمۇ سەۋىيىدە تەدرىجىي ئۆسۈپ بېرىپ، ئاخىرى خالىغانچە ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان ئەڭ يۇقىرى كامالەت ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. بىز تەپەككۇرنىڭ باسقۇچلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ئېلىپ، بىرمەزگىل مەشىق قىلىدىغانلا بولساق، ئەقلىمىز دەرھال ئىشلەيدىغان زېرەكلەرگە ئايلىنىمىز.

ھەركىمنىڭ تەپەككۇرىدا ئۆزگىچىلىك بولىدۇ، شۇڭا باشقىلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قارىغۇلارچە ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئۆزىنىڭ مەسىلىلەرگە قاراش جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسىنى چەكلەپ قويماسلىقتۇر. بىرىنچى قېتىم بىر يېڭى پىكىر، يېڭى مەسىلە ياكى بىر يېڭى شەيئى، يېڭى ھادىسىنى ئاڭلىغاندا كۆپ ساندىكىلەر شۇ ھامان ئۇنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ ھۆكۈمىنى ئاقلاشقا كىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىدىغان مۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىدىكى پايدىلىق ئامىللارنى بىر رەتكە، پايدىسىز ئامىللارنى بىر رەتكە، پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ پەقەت كىشىنى قىزىقتۇرۇش خاراكتېرى بار ئامىللارنى بىر رەتكە ئايرىپ چىقىش كېرەك. بۇنداقتا، سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزدىكى دەسلەپ باش كۆتۈرگەن ياخشى-يامانلىق قارىشىنى رەت قىلىپ، مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراشنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزىگە مەسىلە قويۇپ، ئۆزىنى كۆپرەك ئويلاشقا مەجبۇرلاپ، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىلىمگەن ھامان بولدى قىلماي، ھەر نېمىگە دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭ ئۇچۇر-بۇجۇرىغىچە ئويلاپ كۆرۈش كېرەك. شۇنداقلا يەنە شۈبھىلىنىشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، شۈبھىلىنىش ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تەپەككۇر سۈپىتىدۇر. ئاللىقاچان بىلىنىپ بولغان ھەر قانداق شەيئى ۋە ئىدىيىدە مۇۋاپىق بولمىغان ئامىللار بولغان بولىدۇ. بۇنداق نامۇۋاپىق ئامىللارنى بايقاپ ئالغاندا ھەمدە چىقىرىپ تاشلىغاندا، ئۇ شەيئى ۋە ئىدىيە

لەردە يېڭى ئۆسۈش بولىدۇ. شۈبھىلىنىش تەپەككۇرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ھالبۇكى، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەل قىلىشنىڭ باشلىنىشىدۇر.

9) چوڭ مېڭىنى ئاسراشقا دىققەت قىلىش. چوڭ مېڭىنىڭ ساپاسى ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسى، شۇڭا چوڭ مېڭىنى ئاسراش شەرت. چوڭ مېڭىنى ئاسراشتا تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

① چوڭ مېڭىنىڭ مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش. پەن- تېخنىكا خادىملىرى ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كىشىنىڭ مېڭىسى بۇنداق خىزمەتلەرگە كىرىشكەندە كۆپ مىقداردا ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق سەرپىيات بولىدۇ. بۇنداق سەرپىياتنى ۋاقتىدا تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. چوڭ مېڭىگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلار تەننىڭ باشقا قىسىملىرىغا كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلارغا ئوخشىمايدۇ. چوڭ مېڭە ئۈچۈن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئاقسىل بولماستىن، ئالاھىدە مايدۇر. ئادەم مېڭىسىدە ئاقسىل 35 پىرسەنتىنى ئىگىلىسە، ئالاھىدە ماي 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق ماينىڭ 40- 50 پىرسەنتى ئادەم تېنىدىكى ماددىلاردىن بىرىكمە بولۇپ ھاسىل بولالمايدۇ، بەلكى، تەن سىرتىدىكى يېمەكلىكلەردىن قوبۇل قىلىنىدۇ، ماي كىسلاتاسى قاتارلىقلار بىلەنلا تويۇنۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق ماي بىز ئادەتتە دەيدىغان مايلاردىن ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ تەننىڭ ھۈجەيرىلىرىنى، نېرۋا تەرلىرىنىڭ ھۈجەيرىلىرىنى ھاسىل قىلغۇچى ماتېرىيالدۇر. خولېستىروننى ئېرىتىش ۋە مېڭىگە قان چىقىشىنىڭ، قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىگە ئىگە بۇ ماي قۇرۇلما مېيى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرۇلما مېيى، ئاساسلىقى، ھايۋاناتلارنىڭ مېڭە، جىگەر، يۈرەك، ئۆپكىلىرىدە ۋە بولجۇڭ گۆش كالتەكلىرىدە بولىدۇ. شۇڭا بەدەندە ماينىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ كېتىپ، قۇرۇلما مېيىنىڭ بەدەنگە قوبۇل قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك. ئادەم مېڭىسىدە قۇرۇلما مېيى كەمچىل بولغان ھامان پائالىيەت قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ، ئىنكاس قايتۇرۇش ئاستىلايدۇ، دىققەتنىڭ مەركەزلىشىدىغان ۋاقتى قىسقىرايدۇ، خاتىرە قابىلىيىتى ئاجىزلايدۇ، ھارغىنلىق كۆپىيىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، نازۇك پىششىقلانغان كاربون سۇيى بىرىكمىلىرىنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى، بۇنداق پىششىقلانغان يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى ئادەم مېڭىسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان سولفات، ۋىتامىن قاتارلىق مىنېراللار تولۇق بۇزۇلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەبىئىيىتى بۇزۇلمىغان يېمەكلىكلەرنى، ھايۋاناتلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ۋە ئۆسۈملۈك مېيىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك. ئوزۇقلىنىشتا مەلۇم نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇرىدىغان بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى مېڭىنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋىتامىنلار ياكى مەلۇم بىر خىل ئوزۇقلۇق ماددىسى كۆپەيگەنسېرى ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ، تۈرلۈك ئوزۇقلۇقلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئارقىسىدا ياخشىلىنىدۇ. بەزى ھاللاردا، ۋىتامىنلار كۆپىيىپ كەتسە، تېخى ئەكسىچە ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، قوشۇمچە تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

[illegible] كېرەك.

پەن تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھاراقنىڭ ئاساسلىق تەركىبى بولغان ئىسپىرت قان بىلەن چوڭ مېڭىگە كىرىدۇ ھەمدە مېڭىدىكى ماددىلار بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ، ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۆتكۈر ھاراقلارنى ئۇزاققىچە ئىچكۈچىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، خاتىرە قابىلىيىتى ناچارلاپ كېتىدۇ، ھالبۇكى، ئاساستا خاراكتېرلىك ئىسپىرت بىلەن زەھەرلىنىشمۇ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئۆتكۈر (گرادۇسى يۇقىرى) ھاراقلارنى ئىچىشنى قەتئىي تىزگىنلەش كېرەك. تاماكىدىكى بەزى زەھەرلىك ماددىلار مېڭىگە ئاسانلا بۆسۈپ كىرىدۇ، بۇلارنىڭ مېڭىگە بولغان زىيىنى ناھايىتى زور بولۇپ، چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىگە زىيان سالىدۇ. بەك كۆپ تاماكا چېكىدىغان بەڭگىلەرنىڭ مېڭە قان تومۇرلىرىدا بۇزۇلۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، چوڭ مېڭە تومۇرلىرىدىكى نورمال قان ئايلىنىش ھالىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چوڭ مېڭە كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ماددىلارنى نورمال يەتكۈزۈلمەيدۇ.

③ كەيپىياتنىڭ ياخشى بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش. ياخشى كەيپىيات ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدۇ، ناچار كەيپىياتنىڭ روھىي توسالغۇ پەيدا قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ زور بولىدۇ، ئېغىرلىرىدا ھەتتا روھىي نورماللىقنى يوقىتىپ قويۇش ئەھۋاللىرىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، كەيپىياتنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىش، ئۆزلۈكىدىن تەربىيىلىنىشكە، ئۆزىنى قابىل قىلالىشتا، كۆڭلىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا ماھىر بولۇش، كەيپىياتنى تىزگىنلەش ئارقىلىق چوڭ مېڭىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

④ يېتەرلىك ئۇيقۇغا كاپالەتلىك قىلىش. چوڭ مېڭە خىزمەت قىلىۋاتقاندا، ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلار سەرپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كاربون IV ئوكسىدى ۋە سۈت كىسلاتاسى قاتارلىق كېرەكسىز ماددىلارنىمۇ ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، نېرۋىنىڭ مەركىزىي تۈگۈنىدە چارچاش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق چارچاش چوڭ مېڭە پوستىلىقىدا تورمۇزلىنىش ھاسىل قىلىدۇ، بۇنداق چارچاش پۈتكۈل پوستلاققا تارقالغاندا ئۇيقۇ ھاسىل بولىدۇ. ئادەم ئۇخلىغاندا مېڭە توقۇلمىسىدىكى سەرپىيات تۆۋەنلەيدۇ، يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك فوسفور كىسلاتاسى مېيى قاتارلىق ئېنېرگىيىلىك ماددىلارنىڭ بىرىكىشى تېزلىشىدۇ، نېرۋا خەۋەرچىلىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاسىتىچى ـ ئاتسېتىل خولىن تېزلىكتە ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭدىن ئۇيقۇنىڭ چوڭ مېڭىنى ئاسرايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، پەن تەتقىقاتىدا شۇ نەرسە ئىسپاتلاندىكى، ئۇيقۇ مېڭىنى ئاشۇرغان بىلەن قانچە كۆپ ئۇخلىسا شۇنچە ياخشى بولۇۋەرمەيدۇ، ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئۇخلاش كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ، خاتىرە قابىلىيىتىنى تۆۋەنلەشتۈرىدۇ، ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئاستىلىتىدۇ، ھەر كىشىنىڭ ئۇخلاش ئېھتىياجى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇخلاش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق زېھنىنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

⑤ بەدەن چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھاياتلىق ـ ھەرىكەتتە، ھەرىكەت كىشىنىڭ تېنىنى تۈرلۈك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا لايىق كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى مېڭە مېخانىزمىنى ياخشىلايدۇ. چۈنكى، ھەرىكەت بولغۇچ گۆشلەرنىڭ تارتىلىش سىگناللىرىنى يۇلۇن ئارقىلىق مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ قوماندانلىق تور قۇرۇلمىسىغا يەتكۈزۈپ، مېڭىدە قوزغىلىش ھاسىل قىلىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ مېخانىزمى جانلىنىدۇ. ھەرىكەت يەنە قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نەپەسنى جانلاندۇرۇپ، چوڭ مېڭىنىڭ ماددا ئالمىشىشىغا پايدا يەتكۈزىدۇ. مۇۋاپىق ھەرىكەت يەنە ئۇيقۇ قارىدىشىنى تەڭشەپ،

(ئاخىرى 117 ـ بەتتە)

# دۇنخۇاڭ ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق

ئابلەت نۇردۇن

دۇنخۇاڭ ــ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى داڭخې دەرياسى ساھىلىگە جايلاشقان ناھىيە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن تۇتۇشىدۇ. لەنجۇ ــ شىنجاڭ تۆمۈر يولى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

دۇنخۇاڭ تارىخى ئۇزۇن قەدىمكى شەھەر. دۇنخۇاڭ دېگەن بۇ نام ئەڭ دەسلەپ «تارىخىي خاتىرىلەر، پەرغانە تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ياۋچىلار دەسلەپتە دۇنخۇاڭ بىلەن چىليەنشەن تاغلىرى ئارىلىقىدا ياشايتتى» دېيىلگەن («تارىخىي خاتىرىلەر» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ــ يىل 1 ــ نەشرى، 491 ــ بەتكە قاراڭ). «خەن سۇلالىسى تارىخى، جۇغراپىيىلىك تەپسىرات»نىڭ «دۇنخۇاڭ» ۋىلايىتى ماددىسىغا بېرىلگەن شەرھىدە: «دۇن (敦) ــ چوڭ، خۇاڭ (煌) ــ ئاۋات دېگەن سۆز» دېيىلگەن. خەن سۇلالىسى مىلادى 111 ــ يىلى دۇنخۇاڭدا ۋىلايەت تەسىس قىلغان بولۇپ، شۇ چاغدا ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇلې دەرياسى (سۇللۇغ دەرياسى) نىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى جايلار بۇ ۋىلايەتنىڭ قارىمىقىدا ئىدى. مىلادى 600 ــ 604 ــ يىللىرى دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 604 ــ 618 ــ يىللىرى دۇنخۇاڭدا شاجۇ ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە دۇنخۇاڭ ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلگەن.

دۇنخۇاڭ قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» («بۈيۈك كارۋان») دىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان. ئۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان IV — XIV ئەسىرلەرگە ئائىت قىممەتلىك تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنى قىزىقتۇرۇپ كەلمەكتە.

دۇنخۇاڭنىڭ 25 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا دۇنياغا مەشھۇر موگاۋكۇ مىڭئۆيى بار. موگاۋكۇ مىڭئۆيى 492 كىمىر ئۆي (غار) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1618 مېتىر. ئۇنىڭدا، بۇددا دىنى، مانى دىنلىرىنىڭ نوم ــ بىتىكلىرى، تارىخىي ھۆججەتلەر، قوليازمىلار، ۋەسىقىلەر ساقلانغان. تام ــ تورۇسلىرىغا بۇددا قىسسىلىرىغا دائىر رەسىملەر، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، ئۆرپ ــ ئادىتى، قائىدە ــ يوسۇنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەر سىزىلغان. بەزى كىمىر ئۆيلەرگە ھەر خىل شەكىلدىكى غايەت زور بۇتلار قويۇلغان؛ تاملارغا سىزىلغان ۋە ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. ھازىرغا قەدەر دۇنخۇاڭدىن خەنزۇ، قەدىمكى تۈرك، كۇسەن، قەدىمكى ئۇيغۇر، تاڭغۇت يېزىقلىرىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسىنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386—534) نىڭ

تەيىيەن 4 ـ يىلى (مىلادى 484 ـ يىلى) كۆچۈرۈلگەن ۋە يېزىلغانلىقى، ئەڭ كېيىنكىلىرىنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (960—1127) دەۋرىدە يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. بۇ يازما يادىكارلىقلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىيات تارىخىنى، دىن تارىخىنى، غەربتىكى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخىنى، تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى، قائىدە-يوسۇنلىرىنى، ئۇلار تارىختا قوللانغان تىل-يېزىقلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، دۇنخۇاڭ 1961 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى.

دۇنخۇاڭشۇناسلىق ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بىر پەن بولۇپ قالدى. مەملىكىتىمىزدە 1944 ـ يىلى دۇنخۇاڭ سەنئەتنى تەتقىقات يۇرتى تەسىس قىلىنغان ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ ئورگاننىڭ نامى دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات يۇرتىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ تەتقىقات يۇرتى موگاۋكۇ مىڭئۆيىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئاساسىدا رېمونت قىلىش، تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى رەسىمگە ئېلىش، مىڭئۆيلەردىكى بېغىشلىمىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلارنى توپلاش، رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، ئۇلارنى ئەستايىدىل ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىپ، مىڭئۆيلەرنىڭ تارىخىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەم دۇنخۇاڭ سەنئىتىنى قايتىدىن نۇر چاچقۇزۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئىجادىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، يەنە دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى چىقاردى. 1982 ـ يىلى «جۇڭگودىكى مىڭئۆيلەر، دۇنخۇاڭدىكى موگاۋكۇ مىڭئۆيى» ناملىق بەش قىسىملىق كىتابنى نەشر قىلدى. جۇڭگو دۇنخۇاڭ-تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1985 ـ يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىن ئېلىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ 105 پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«خەلق گېزىتى» نىڭ 1990 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 4 ـ بېتىگە بېسىلغان «1990 ـ يىللىق دۇنخۇاڭشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي يىغىنى ئاياغلاشتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە، دۇنخۇاڭدا ئېچىلىپ 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاياغلاشقان بۇ ئىلمىي يىغىنغا جۇڭگو، ياپونىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ھىندىستان، شۋېتسىيە، سىنگاپور، مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ 200 نەچچە ئالىمى، جۈملىدىن تەيۋەننىڭ 11 نەپەر ئالىمى قاتناشقانلىقى، يىغىندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر تونۇشتۇرۇلغانلىقى، يىغىن 118 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالغانلىقى، بۇ ماقالىلەردە دۇنخۇاڭ سەنئىتىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئۇسلۇبى ھەققىدە، ئېستېتىكا ئىدىيىسى ھەققىدە يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلگەن. ئالىملار يەنە موگاۋكۇ مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملەردىكە ئەينى چاغدا تەخمىنەن 20 خىلغا يېقىن نىئورگانىك مېنېراللاردىن ئىشلەنگەن بوياق ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان.

چەتئەللەردىكى دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋەكىللىرىدىن ئالىم لۇيىز 1879 - يىلى دۇنخۇاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئەزىز ئالغان. «سېتېيىننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارخىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىدىن خاتىرە»دە ئېيتىلىشىچە، لۇيىز دۇنخۇاڭدا ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى سېتېيىنگە تونۇشتۇرغان، بۇ سېتېيىننىڭ دۇنخۇاڭغا كېلىپ ئارخىئولوگىيىلىك قېدىرىپ - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن فىرانسىيە، ياپونىيە، روسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن دۇنخۇاڭغا كېلىپ «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، جۈملىدىن يازما يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. ھازىر بۇلار كۇسەن (كۇچا)، قوچو (تۇرپان)، ئۇدۇن (خوتەن)لاردىن ئېلىپ كېتىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەنگلىيىدىكى لوندون مۇزېيىدا «سېتېيىن ھۆججەتلىرى» دېگەن نام بىلەن؛ فىرانسىيىدىكى پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا «پېللىئوت ھۆججەتلىرى» دېگەن نام بىلەن؛ ياپونىيىنىڭ لۇڭگيۇي داشۆسىدە «دايۇي ھۆججەتلىرى» دېگەن نام بىلەن؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد شەھىرىدە «دۇنخۇاڭنىڭ ئالاھىدە مىراسلىرى» دېگەن نام بىلەن ساقلانماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاسىيا، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا ھەمدە ئامېرىكىدا دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئالايلۇق، 1984 - يىلى ياپونىيىنىڭ توكيو (دۇڭجىڭ) داشۆسى «دۇنخۇاڭ ھەققىدە لېكسىيە» ناملىق تۆت توملۇق كىتابنى نەشر قىلدى. سىنگاپوردا «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر كاتالوگى» ئىشلەندى ھەمدە بەزى ئالىي مەكتەپلەردە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا دائىر دەرسلەر تەسىس قىلىندى.

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، جەنۇبىي چاۋشيەن، ھىندىستان، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر، شۇنداقلا تەيۋەن، شياڭگاڭ قاتارلىق رايونلاردا دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

---

(بېشى 114 - بەتتە)

چوڭ مېڭىدىكى چارچاشنى يوقىتىدۇ.

⑥ مېڭىنىڭ ئەڭ ئوبدان ئىشلەش ۋاقتىنى ئىگىلەش. مېڭىنى ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ ئوبدان ۋاقتى- چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ يۈكسەك قوزغىلىش ھالىتىدىكى چاغ بولۇپ، بۇ چاغدا مېڭىنىڭ ئىشلەش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ھەر كىمنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۆزگىچە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئەڭ ئوبدان ئىشلەش ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ مېڭىسى ئەتىگەندە سەگەك بولىدۇ ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشلەيدۇ، بەزىلەرنىڭ مېڭىسى چۈشتىن بۇرۇن سەگەك بولىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ مېڭىسى كەچقۇرۇندا ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمدە ئىشلەيدۇ. شۇڭا، ھەر كىم ئۆز چوڭ مېڭىسىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ئىگىلەپ ئالغاندىن كېيىن، ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرسە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بىلىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش

ئىسلامجان شېرىپ

مەدەنىيەتنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى ئادەمنى پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىشتۇر.

ت. ئېدىسون

بىلىش قۇرۇلمىسى، ماھىيەتتە، كەڭ مەنىدىكى ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنى يىغىنچاقلاپ: ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ئومۇمىي ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ئىجادىيەت ماھارىتى ھەم ئالاھىدە ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى، دەپ ئاتاش مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، بىلىش قۇرۇلمىسى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلاملارغا بۆلۈنىدۇ. بۇقاتلاملارنىڭ ئورگانىك بىرلىكى بەلگىلىك تەتقىقات قابىلىيىتىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئەڭ يۇقىرى قاتلامدا ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى (پەلسەپە) تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە، دەپ قارايمىز. بۇ بىزنىڭ بارلىق تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر. ئادەتتە، بىز دەۋاتقان ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مانا مۇشۇ ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇسۇل ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇللىرى ۋە يەككە پەنلەردە قوللىنىلىدىغان ئالاھىدە ئۇسۇللارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ئوتتۇرا قاتلامدا ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى تۇرىدۇ. بۇ، تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل ھەرخىل پەنلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن يىغىنچاقلانغان بولۇپ، ئادەتتە ھەرخىل پەنلەر تەتقىقاتىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تۆۋەن قاتلامدا ئالاھىدە ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى تۇرىدۇ. بۇ ئۇسۇل يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا تۇرىدىغان مەشغۇلات ئۇسۇللىرى ياكى ھەر بىر پەندە مەخسۇس قوللىنىلىدىغان تەتقىقات ئۇسۇللىرىدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى ئۈچ قاتلام ئورگانىك بىرلىشىپ، تەتقىقات قابىلىيىتىنى — ئىلمىي بىلىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

دېمەك، بىلىش قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇ ئىقتىدارنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىللار ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئىقتىدار قۇرۇلمىسىدا خىزمەت ئۆتىگەندە ئەقلىي ئامىللار ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئەمما، ئەقلىنىڭ يىراقنى كۆرىدىغان قوماندانى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدار تەركىبىدىكى ئەڭ جانلىق رولچىلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. شۇڭا، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشتە بىلىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق قاتلاملىرىنى بىلىش ۋە ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ رولى

بىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ياكى يادروسى بولغان ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇ-

لىنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئۇ، دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۈستىدە پەلسەپىۋى پىكىر قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تەبىئەت، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي قانۇنى، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆتكۈر قورالىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بىلىش قورۇلمىسىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتۇپ، تۈرلۈك كونكرېت بىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ جېنى، بىلىم جۇغلاش، بىلىمنى يېڭىلاش ۋە بىلىمنى تەدبىقلاشنىڭ يېتەكچىسى بولىدۇ. بۇنى بىز تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈپ ئالالايمىز.

1. دانالىقنىڭ تەدبىرى

بىز كىشىنى ئەقىللىق دېگىنىمىزدە، ئاساسلىقى، پىكىر قىلىشتا ماھىرلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. پىكىر قىلىشتا ماھىر بولۇش ئۈچۈن، كىشىدە ئەقلىي قابىلىيەت، بىلىم، ماھارەت بولۇپلا قالماستىن، ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇشى كېرەك. قەدىمكىلەر، كۆپ ھاللاردا، ئەقىللىق كىشىلەرنى «پاراسەت» بىلەن ئۆلچىگەن. ئۇلارنىڭ ھەدېسىلا ئەقىللىقكە پاراسەتنى قوشۇپ سۆزلىشى ئەقىللىق كىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسىنىڭ شەيئىلەرگە كۆز بىلەن قاراپلا كەپ قىلماستىن، ئويلاپ كەپ قىلىدىغانلىقىدىن بولغان. بۇ يەردىكى ئويلاش «پاراسەت» نامى بىلەن ئاتالغان. ھازىرقى تىلىمىز بىلەن ئىپادىلىگەندە، بۇنداق كىشىلەرنى مەسىلىلەرگە ئىلمىي قارايدىغان كىشى، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ماركسىزمچە قاراش بىلەن ئىپادىلىگەندە، مەسىلىلەرگە ئىلمىي نەزەر بىلەن قارايدىغان، مەسىلىلەرگە توغرا ئىدىيىۋى ئۇسۇل بىلەن قارايدىغان ياكى مەسىلىلەرگە ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارايدىغان كىشى، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

ھازىرقى ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلار مەيلىگە ئىلمىي قاراشنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ پىكىرىنىمۇ «پاراسەت» بىلەن ئاڭلاشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسى: دىئالېكتىك پىكىر قىلغۇچىلار «ھەر تەرەپنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىغاندا مەسىلە ئېنىق بولىدۇ، يالغۇز بىر تەرەپنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىغاندا مەسىلە تۇتۇق بولىدۇ»، ھەر تەرەپنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىغۇچىلار ئەڭ توغرا پىكىرنى تاللاپ قوبۇل قىلىدۇ-دە، بارغانسېرى ئەقىللىق بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، «پاراسەت»نى ئىشقا سېلىش — ئويلاش ياكى تەپەككۇر قىلىش ھەممىدىن مۇھىم، دېگەندىن ئىبارەت.

راست دېگەندەك، ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق. ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىشقا بولىدىغان چۈشەنچىنى ئالىدىغان بولساق، بىۋاسىتە سەزگۈ بىلەن مەسىلە ئويلايدىغان مېتافىزىكلار ھەممىشە ناھايىتى ئاددىيلىق بىلەن: ياخشى ئىش دېگەن ياخشى ئىش، يامان ئىش دېگەن يامان ئىش، دەپ كەپنى ئۈزىدۇ. ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىدىغانلار بولسا ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلار «پاراسەت» بىلەن ئويلايدۇ-دە، ياخشى ئىش ۋە يامان ئىشنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرىدۇ. دىققەت قىلمىغاندا، ياخشى ئىشنىڭ يامان ئىشقا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، دىققەت قىلغاندا ياكى سەۋەب قىلغاندا، يامان ئىشنىڭ ياخشى ئىشقا ئۆزگىرىدىغانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئالالايدۇ. ھازىرقى ئەركىنلىككە بولغان چۈشەنچىنى مىسالغا ئالايلى، نادان كىشىلەر ئەركىنلىكنى ئۆز ئىختىيارىچە ئىش قىلىش، ئۆزىنىڭ قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىش، دەپ چۈشىنىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىن-

لەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلغۇچىلار ئەنە شۇنداق نادان كىشىلەردىن پايدىلىنىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەركىنلىك مەۋجۇت بولمايدۇ. ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىگەنلىرىمىزدە ئۇنداق نادانلىق ياكى گۆدەكلىك بولمايدۇ-دە، ئەركىنلىكنى «پاراسەت» بىلەن ئويلاپ كۆرىمىز ھەمدە: ئەركىنلىك دېگەن مۇقەررەرلىكنى بىلىش ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش. دەپ قارايمىز. ئەركىنلىكنى مۇشۇنداق چۈشەنگەندە، مۇشۇنداق چۈشەنچە بويىچە ئۇنىڭغا ئىنتىلگەندە، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىمىز. بۇ، ئەقىللىقلىقنىڭ بەلگىسى. دېمەك، ئەقىللىقلىق، دانالىق، ھوشيارلىق، ھۆكۈمالىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىلمىي پىكىر قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ ۋە دىئالېكتىك تەپەككۇر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

يېقىنقى زامان تارىخىدا بارلىققا كەلگەن تالانتلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەردىن بىر بالداق ئاتلاپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۇلار ياكى ماتېرىيالىزمنىڭ ئېتىقادچىسى ياكى دىئالېكتىكا ئۇستىسى ۋە ياكى ھەر ئىككىسىدە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئۇلۇغ كۆرسەتكەن دانالىق ۋە ئىختىرالارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش ۋە تەدبىقلاش يولىدىكى تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. 18-ئەسىردىكى فرانسۇز مەرىپەتچىلەردىن روسسونى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئاجايىپ مەشھۇر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ مەشھۇرلۇقى نەدە؟ خۇددى ئېنگېلس: بىز روسسونىڭ ئەسەرلىرىدىن خۇددى ماركس «كاپىتال»دا رىئايە قىلغىنىغا ئوخشاش ئىدىيەۋى ئىلگىرلەشنى كۆرۈۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەپسىلىي بايانلىرىدىن ماركس ئىشلەتكەن يۈرۈشلەشكەن دىئالېكتىكىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز دەپ كۆرسەتكەندەك، ئۇنىڭ مەشھۇرلۇقى دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر قىلىشتا. ئۇنىڭ دەۋرداشلىرىنىڭ تولىسى ھەدەپ مېتافىزىكىلىق پىكىر قىلىۋاتقاندا، ئۇ دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلغان. ئۇنىڭ باراۋەرلىك تەلىماتىغا «زىددىيەتلىك دىئالېكتىكا» ئىسمىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان ۋە ماركس تەرىپىدىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەنگەن.

19- ئەسىردە روسسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتلار ئېقىمىدىن گېرتسېنمۇ ناھايىتى تالانتلىق كىشى ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن تەڭتۇشلىرىدىن ھالقىغان تالانت ئىگىسىگە ئايلىنالىغان؟ ئاساسلىقى، ئۇ ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە ئىدى. لېنىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئۇ گېگېل دىئالېكتىكىسىنى بىلگەن»، «گېگېلدىن ھالقىپ ئۆتۈپ فېيېرباخقا ئەگىشىپ ماتېرىيالىزمغا يۈزلەنگەن» ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇ شۇ دەۋردىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلۇق سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئۇنىڭ تەشۋىقاتى جامائەت ئىچىدە ئىنقىلابىي رول ئوينىغان ئىدى.

ئېلىمىزدىكى مەشھۇر كىشىلەر ئىچىدىن لۇشۈننى ئالساق، ئۇنىڭ ئىقتىدارىدا يېتەكچىلىك رول ئوينىغان باتۇر كۈچ كىچىكىدىن تارتىپ بېرىلىپ ئۆگەنگەن ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئىدى. ئۇ يازغۇچىلىقتا باش كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئىلىم - پەن تارىخى، يەكۈن ۋە دېكارتلارنىڭ مېتودولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ، يەكۈننىڭ ئىندۇكتىۋ ئۇسۇلى (ئىندۇكسىيىلىك تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى) بىلەن دېكارتنىڭ دېدۇكتىۋ ئۇسۇلى (ئومۇمىي يەكۈنلەردىن جۈزئىي خۇ-

لاسە چىقىرىش ئۇسۇلى)نى سىپارشتۇرۇپ چىققان ھەمدە يېقىنقى زامان ئالىملىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئىندۇكتىپ ئۇسۇلى بىلەن دېدۇكتىپ ئۇسۇلىنى دىئالېكتىك بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلىرىنى تاشلاپ، ئۆزىگە ئىلمىي مېتودولوگىيە شەكىللەندۈرۈۋالغان. ئۇ: «ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلىكتە ئىشلەتكەندە، ھەقىقەت يورۇشقا باشلايدۇ. ئىلىم-پەننىڭ ھازىرقىدەك سەۋىيىگە يېتىشى ئەشۇ ئىككى ئۇسۇلنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلەردىن باشلانغان» دەيدۇ. لۇشۇننىڭ بۇ سۆزلىرى ئېنگېلسنىڭ «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»دا بايان قىلغان ئىندۇكتىپ ئۇسۇلى بىلەن دېدۇكتىپ ئۇسۇلىنى دىئالېكتىك بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بايانلار بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ. لۇشۇن ياش ۋاقتىدا ماركسىزمچە پەلسەپىنى ئىگىلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىلىم-پەن تارىخىنى ۋە مېتودولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىلىش نەزەرىيىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى خېلى ئىلمىي سەۋىيىگە يەتكەن. كېيىنچە، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىدىن ئىبارەت ئۆتكۈر قورالنى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستىدە سۈپەت ئۆزگىرىشى بولغان. خۇددى ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك، «لۇشۇننىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يازغان زاۋىنلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك بولۇپ، بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن خالى بولغان، دېمەك بۇ چاغدا، ئۇ دىئالېكتىكىنى ئۆگىنىپ ئالغان.»

بەزى كىشىلەر «تالانت»نى سىرلىق چۈشىنىدۇ ۋە سىرلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىقتىدار كامالىتى بىلەن تالانتلىق ياكى دانا ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىم جەھەتتە ئادەتتىكىلەردىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا باشقىلاردىن پاراسەتلىك بولغان. تالانت ۋە دانالىق ئۈستىدە مۇشۇ يۈنىلىش بويىچە تەھلىل يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن «تالانت»نىڭ ئاچقۇچىنى تاپقىلى، ئۇلاردىن نېمىنى ئۆگىنىش ۋە قانداق ئۆگىنىش لازىملىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئىقتىدارلىق، شۇنداقلا تالانتلىق ئاتالغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىدىكى ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلگەن. چۈنكى، ئىقتىدارنىڭ سىرى ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىدا كۆپلەپ بىلىم جۇغلاش، بىلىمنى پىششىقلاش ۋە ئۇنى ئىجابىي تەدبىقلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ جەرياندا بىلىم ئىگىلەشتىن باشقا، يەنە ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى رول ئوينىمىسا، ئىقتىدار شەكىللەنمەيدۇ. يەنى، ئىقتىدارنىڭ شەكىللىنىشىدە ئەقىل يادرو، بىلىم ئاساس، ماھارەت ۋاستە بولغان بىلەن، ئۇلارغا ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا، ئۇلار توغرا نىشان بىلەن تەشكىللىنەلمەيدۇ.

بىز ھەر كۈنى تىلغا ئالىدىغان ئالىملار، سەنئەتكارلار، ئەدىپلەر، ھەربىي ئالىملار... نىڭ ئىقتىدارى ئىپادىلىنىش شەكلىدە ھەر خىل كۆرۈنگەندەك تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ، پەقەت ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدە ئۆزگىچە شەكىل بولىدۇ، خالاس. دېمەك، ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئىددىيىۋى لۇشيەن ۋە ئىلمىي يېراقنى كۆرەرلىك قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ بىر ئىلمىي كىشىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىنى تاللاش، شۇ ھۇجۇمنى قىلىش كېرەكمۇ-يوق،

uyghurkitap.com

بۇنداق ئىشنى قىلىش كېرەكمۇ-يوق، بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىممىتى بارمۇ-يوق، قانداق تەتقىق قىلغاندا ئەڭ پايدىلىق بولىدۇ، دېگەندەك ئىدىيىۋى قارارلىرىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق كىشى ئىقتىدارلىق بولۇشنى، يەنى دۇنيانى توغرا بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش لاياقىتىگە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ئىقتىدار تەركىبىدىكى ئىلمىي پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئامىلنىڭ موھىملىقىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تارىختىن قېپقالغان بىر مۇنچە بىلىملەر كونىراپ كەتتى. ئەمما، دانالىقنى مەدھىيىلەپ، نادانلىقنى ھەجۋى قىلىدىغان ھېكايە - چۆچەكلەر ساقلىنىپ قېلىۋەردى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارغا بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن مېتودولوگىيىنىڭ ئاقىل داۋىلىرى سىڭدۈرۈلگەن. ئەنە شۇ داۋىلار ھېكايە - چۆچەكلەرنى يەنىلا ياش كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ تىلىدا يېڭى ھاياتىي كۈچكە، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان. يۇقىرىدىكى مىساللار ۋە تارىخىي ھېكايە - چۆچەكلەردە ئىپادىلەنگەن دانالىقنى مەدھىيىلەش ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر، نادانلىققا بولغان ھەجۋىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىدىئالىستىك خام - خىياللار ۋە مېتافىزىكىلىق قاتماللىقلارغا قارىتىلغان تەنقىدتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، دانالىق تەدبىرىنى ئىزدىگۈچىلەر يولنى مانا شۇ يەردىن ئېچىشى ۋە بارغانسېرى ئىلمىي پىكىر قىلىشنىڭ ماھىرلىقى بىلەن بۇ يولنى كېڭەيتىپ مېڭىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە بۇقورالنى قولغا ئالمىغانلاردىن ھالقىپ كېتىدۇ.

## 2. كونكرېت بىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ جەۋھىرى

ئۇسۇل مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ يولى، مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاسىتىدۇر. مېتودولوگىيە ئەنە شۇنداق ئۇسۇل توغرىسىدىكى نەزەرىيىدۇر. ئىقتىداردىكى كامالەت مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ــ ئۇسۇللىرىنى بىلىش ۋە ئۇنى ۋاسىتە قىلىپ تۇرۇپ، مەقسەتكە يېتىش ئارقىلىق ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتۇر. بىز بۇ يەردە قەيت قىلىۋاتقان كونكرېت ئۇسۇل ھەر قايسى ساھە، كەسىپ، پەنلەردىكى تۈرلۈك ئالاھىدە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ ساھەلەردە بىلىمنى پىششىقلاش ۋە بىلىمنى تەدبىقلاش ئارقىلىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان، ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان كونكرېت ئۇسۇللارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىقلار بولۇپ، دىئالېكتىكىدىن ئىبارەت ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان كونكرېت ئۇسۇل بىلەن ئوخشاش بولمىغان كونكرېت مەسىلىنى ھەل قىلىش ماركسىزمنىڭ پرىنسىپى. كىمكى بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى بولىدىكەن، مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ. ئەمما، كونكرېت ئۇسۇللارنىڭ خىلى كۆپ، ھەل قىلىدىغان مەسىلىلىرىمۇ ھەرخىل بولغان بىلەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ تەقەززا قىلىشىغا ۋە يېتەكچىلىكىگە موھتاج بولىدۇ. كونكرېت ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردىكى كونكرېت

تەدبىقلىنىشى داۋامىدىن پەيدا بولغان ھا-
سىلدۇر. شۇڭا، كونكرېت ئۇسۇل بىلەن ئىل-
مىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋىتى
بالا بىلەن ئاتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە، كۆل بىلەن
غولىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، بىلىش
قۇرۇلمىسىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، كونكرېت
ئۇسۇللارغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا،
نېگىزلىك بولغان ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇ-
لى — دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي
ماتېرىيالىزمنى ئىگىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمى-
يەت بېرىش لازىم.

ئۇسۇلنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇسۇل،
ماھىيەتتە، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان
دىئالېكتىكا بىلەن شۇ شەيئىنى بىر تەرەپ
قىلىش دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بىر شەيئىنى
ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان نەرسە شۇ شەيئىدىكى
زىددىيەت ھەرىكىتى بولىدۇ؛ شۇڭا، ھەرقان-
داق شەيئىدىكى ئالاھىدە زىددىيەتلەرنى ھەل
قىلىدىغان ئۇسۇل شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى
زىددىيەت ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىشى لازىم. قارىماققا، مەلۇم
زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بىر نەچ-
چە خىل بولسىمۇ بولىدىغاندەك، قايسى ئۇ-
سۇلنى قوللانسا بولۇۋېرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.
ئەمما، ھەقىقىي ئۇنۇم بېرىدىغان ئۇسۇل پەقەت
شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەت ھەرىكىتى قا-
نۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئۇسۇل بولغان بولىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئالساق، بارلىق
مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىجادىيەت ئۇسۇل-
لىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىئالېكتىك ما-
تېرىيالىزمغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، تېخىمۇ ئېنىق
قىلىپ ئېيتقاندا، قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ
بىرلىكىدىن ئىبارەت دىئالېكتىكىنىڭ نېگىز-
لىك قانۇنىيىتىنى ئۆزىنىڭ جېنى — يادروسى
قىلغان بولىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت — ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنىڭ ئىنكاسى، ئەمما، مېخانىك بولغان،
سۈرەت تارتىشقا ئوخشايدىغان ئىنكاسى ئە-
مەس، بەلكى، مەركەزلەشتۈرۈلگەن، يىغىن-
چاقلانغان ئىنكاسى. بۇ، ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئەسەرلىرى تۇرمۇشتىن ئېلىنىشى، تۇرمۇش-
تىن يۇقىرى بولۇشى، چىن بولۇشى ھەم گۈزەل
بولۇشى كېرەك، دېگەن سۆز. ئەدەبىيات-سەن-
ئەتنىڭ بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ
ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ رېئالىزم بىلەن روما-
نتىزمنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇشىنى بەل-
گىلىگەن ياكى شۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قى-
لىدۇ. شۇڭا، تارىختا نەچچە يۈزلىگەن ئىزمە-
لار ۋە ئېقىملار مەيدانغا كېلىپ سۈرەن سال-
غان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى مەڭگۈلۈك بازار تا-
پالماي، ئەڭ ئاخىرىدا رېئالىزم بىلەن رو-
مانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭلا تارىخ-
نىڭ تۈرلۈك ئۆتكەللىرىنىڭ تاستاشلىرىدىن
ئۆتۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ
نېگىزلىك ئۇسۇلىغا، بارلىق تەرەققىپەرۋەر
يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنىڭ ئېسىل ئەنئەن-
ىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى تاسادىپىي ئەھۋال
ئەمەس. ئەگەر، رېئالىزم كىشى ۋە كىشىنىڭ
تۇرمۇش مۇھىتى ئۈستىدە ئوبيېكتىپ كۆزى-
تىشتىن ۋە تەسۋىرلەشتىن دېرەك بەرسە، ئۇن-
داقتا، رومانتىزم غايىۋى دۇنيا ئۈستىدىكى
ئىستەكنى ئاساس قىلىپ، قايناق ھېسسىياتى-
لىق تىل، گۈزەل تەسەۋۋۇر ۋە مۇبالىغە قى-
لىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشتىن
دېرەك بېرىدۇ، بۇ ئىككىسىدە قارىمۇ-قارشى-
لىقمۇ، بىرلىكمۇ بار. مانا بۇ، ئەدەبىيات -
سەنئەتنىڭ ماھىيىتى تەلەپ قىلغان (تۇر -
مۇشتىن ئېلىش ئەمما تۇرمۇشتىن ئۈستۈن
بولۇش، چىن بولۇش ھەم گۈزەل بولۇشتىن
ئىبارەت) ئەڭ ئەلا ۋاسىتە ۋە ئىشەنچلىك

www.uyghurkitap.com

بولدۇ. تارىختا نامى قالغان ئۇستا ئەدىپ ۋە سەنئەت ئۇستازلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا ئىندىۋىدۇئاللىق بولسىمۇ، ئەمما نېگىزلىك يۆنىلىش جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن.

ماركسىزمنىڭ ئىستېتىك قارىشىچە، تىپىكلەشتۈرۈش ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇنى، ھالبۇكى، تىپىكلەشتۈرۈش دېگىنىمىز رېئال تۇرمۇشنى مەركەزلەشتۈرۈش، يىغىنچاقلاش بىلەن ئايرىم، كونكرېت شەكىللەر ئارقىلىق ماھىيەت ۋە ئومۇملۇقنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يادروسى ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ قارىمۇ-قارشىلىق بىرلىكىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەردە بىر شەخس، بىر ۋەقە ئارقىلىق پۈتكۈل ئىجتىمائىيەتكە ئۇيغۇن بولغان مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بىر نەمۇنىچى تىپ ئارقىلىق بىر مۇنچە نەمۇنىچىلار تەسۋىرلىنىدۇ، بىر قالاق تىپ ئارقىلىق بىر مۇنچە قالاقلار تەنقىد قىلىنىدۇ. ئايرىمىلىق ئارقىلىق ئومۇملۇقنى ئېچىپ بېرىپ، يۈكسەك بەدىئىي چىنلىققا يېتىش ئۈچۈن، ئويدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. رېئال مەۋجۇت بولغان مەلۇم ئادەم ياكى مەلۇم ۋەقەنى بىۋاسىتەيېزىش چىنلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تىپ بولالمايدۇ. مەشھۇر كىشىلەر ئىجاد قىلغان بەدىئىي تىپلاردىكى ئادەم، ۋەقەلەر ئەمەلىيەتتە بولمىسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ يۈكسەك چىنلىققا ئىگە بولىدۇ. تىپلار رېئال تۇرمۇشنىڭ مەركەزلەشتۈرۈشى، يىغىنچاقلىنىشى بولغاچقا، بىر تەرەپتىن، ئۇ چىنلىق ئويدۇرمىسىنى چەتكە قاقمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئويدۇرمىسى يەنە قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئويدۇرما بولماستىن، بەلكى رېئال تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان بەدىئىي يۈكسەكلىك ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر بولىدۇ. روشەنكى، تىپنىڭ ئۆزىدىلا چىنلىق بىلەن ئويدۇرمىنىڭ زىددىيەتلەر بىرلىكى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتكەندە، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى تونۇپ يەتكەندە، تىپىكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئىگىلەشكە تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

مەشھۇر شائىر ئەي چىڭ ئۆزىنىڭ «نەزمە ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە: «سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى — ئۆزگىرىش ئىچىدە بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، خاتالىقلار ئىچىدە تەڭكەشلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەرىكەت ئىچىدە تەڭپۇڭلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش، گادىرماچلىق ئىچىدە ساپلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت» دەيدۇ. بۇ يەردە ئۇ، شېئىرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەدىئىي قانۇنىيەتنى چوڭقۇر يىغىنچاقلىغان؛ بۇ يىغىنچاقلاشتا قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى ئۇستىلىق بىلەن تەدبىقلانغان.

تىياتىر، كىنو، مۇزىكا قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىنى ئالىدىغان بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا كونكرېت سەھنىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى بار، شۇنداقلا ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەدىئىي ماھارىتى بار. بۇ تۈرلەر ھەقىقەتەن كىشى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مولچىلىق بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، بۇ سەنئەت تۈرلىرىدە ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا ياڭزا كۆرسىتىپ، سەنئەتنىڭ تاشقى دائىرىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، ئەشۇ مولچىلىق ۋە تۈگىمەس ياڭزىلار ئىچىگە يەنە بىرلىك يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ تۈپ نېگىزلىك ئۇسۇلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، ئوخشاشلا، بۇ ژانىرلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆتتۈشۈپ تۇرغان بىر يىپنى — قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ بىرلىك قانۇنىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تىلغا ئېلىنى-

مىغان بارلىق تۈرلىرىدىمۇ دىئالېكتىكىلىق ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ قوماندانلىقىنى كۆزۈۋېلىش تەس ئەمەس. بىز دىئالېكتىكىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى رولىنى شۇنچىلىك شەرھىيلەپ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ باشقا تۈرلىرىگە نەزەر سالايلى. ماركس سىياسىي - ئىقتىسادنى تەتقىق قىلغاندا، تەدبىقلانغان بىر مۇنچە كونكرېت ئۇسۇللار — مەسىلەن، ئابستراكتسىيلەش ئۇسۇلى، ئىندوكتىۋ ئۇسۇلى، دېدۇكتىۋ ئۇسۇلى، تارىخىي ئۇسۇل، لوگىكىلىق ئۇسۇل قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئالدىنقىلار ئىشلەتكەن. ماركستىكى پەرق پەقەت ئۇنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ياراتقانلىقى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ نېگىزلىك ئۇسۇل ئارقىلىق باشقا بارلىق كونكرېت ئۇسۇللارنى ئىشقا سالغان. مەسىلەن: كىلاسسىك تەرەپدارلىرىدىن فورمال لوگىكا نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئابستراكتسىيلەش ئۇسۇلىنى تەدبىقلىغان، شۇڭا ئۇلاردا ئابستراكتلىق بىلەن كونكرېتلىق ئايرىلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىدىكى چىقىش نۇقتىسى تارىخنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچرىمايدىغان ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش، تارىختىن ھالقىغان «ئىقتىسادىي ئادەم» بولۇپ قالغان. ماركس دىئالېكتىك لوگىكا نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئابستراكتسىيلەش ئۇسۇلىنى تەدبىقلىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا ئابستراكتلىق كونكرېتلىق بىلەن باغلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىكى چىقىش نۇقتىسى مۇئەييەن تارىخىي جەرياننىڭ تەقەززالىقىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيە، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ تاۋاردىن ئىبارەت ئىقتىسادىي ھۈجەيرىسى بولغان. ماركس ئۆزىنىڭ ئابستراكتسىيلەش ئۇسۇلىنى «ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتۈش» ئۇسۇلى، دەپ ئاتىغان. مانا بۇ ئۇنىڭ دىئالېكتىكىسىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشۈندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى پىششىق ئىگىلەپ ئالغانلىقتىن، كىلاسسىك تەرەپدارلىرىنىڭ مېتافىزىك كەمتۈكلۈكىنى تۈگىتىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى كونكرېت ئۇسۇللارنىڭ تەدبىقلىنىشى جەھەتتە يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

يۇقىرىدىكى قىسقىچە تەھلىلىمىز ئارقىلىق شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئالالايمىزكى، مەيلى قايسى ساھە، قايسى كەسىپ، قايسى پەندە بولسۇن، ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك، ھاياتى كۈچكە ئىگە بولغان كونكرېت ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن زىچ باغلانغان. بۇنداق مۇناسىۋەت ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، كونكرېت ئۇسۇللارنىڭ ئۆزىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى، پەن تەتقىقاتىدىكى «ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتۈش» ئۇسۇلى، رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنى بىرلەشتۈرۈش، رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل ئەھۋالغا ياتىدۇ. يەنە بىرى، بەزى ئۇسۇللارنى نوقۇل قارىغاندا، ئۇلار قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ھازىرلانمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى رېئالىزم ئۇسۇلى، رومانتىزم ئۇسۇلى، پەن تەتقىقاتىدىكى ئىندوكتىۋ ئۇسۇلى، دېدوكتىۋ ئۇسۇلى قاتارلىقلار بەلگىلىك دائىرىدە، بەلگىلىك دەرىجىدە يەككە ھالەتتە تەدبىقلىنىدۇ ۋە مۇستەقىل ھالدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەمما بۇنداق چاغلاردا، ھەرقاچان چەكلىمىلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىك ئىپادىلىنىدۇ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ تەلىپى بويىچە، دىئالېكتىكىلىق تەدبىقلىغاندا بولسا، ئۇلارنىڭ رولى بىرلىك ئىچىدە جارى

قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يۈكسەك ئىجادىيەت مەقسىتىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى ئەھۋال قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىك قانۇنىيىتىنىڭ كونكرېت ئۇسۇللار ئىچىدىكى يادرولۇق رولىنى بىۋاستە گەۋدىلەندۈرىدۇ دېيىلمىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، كېيىنكى ئەھۋال بۇنداق رولنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىسپاتى بولالايدۇ. قىسقىسى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىردىنبىر ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك شەيئىلەر، تۈرلۈك ساھەلەر ۋە كەسىپلەردە ئورتاق رول ئوينايدۇ. ئۇ ھەممە يەرگە تەدبىقلىسا باپ كېلىدىغان ئومۇمىي ھەقىقەت. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيەت بولغانلىقتىن، ئابستراكتلىقتا ۋە پرىنسىپاللىقتا ئىگە. ئۇ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاھىدە قانۇنىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇكى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. تۈرلۈك پەنلەردە، كەسىپلەردە قوللىنىلىدىغان كونكرېت ئۇسۇللارغا يېتەكچىلىك قىلالايدۇكى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ھەرقايسى ساھەلەردىكى كونكرېت ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئالاھىدە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان كونكرېت ئۇسۇللارغا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسى بار. ئەگەر تازا كۈچ سەرپ قىلىپ مۇشۇنداق بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرماي، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، مۇشۇ قانۇنىيەت بولسىلا ھەممە زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارالسا، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىلا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمغا خىلاپ كېلىدۇ.

### 3. بىلىم جۇغلاش، بىلىمنى پىششىقلاش ۋە تەدبىقلاشنىڭ يېتەكچىسى

بىلىم ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ جەۋھىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى ئۆتكۈر قورالى بولغانلىقتىن، ھەرقانداق ئىقتىدار ۋە تالانت بىلىم جۇغلاش ۋە ئۇنى تەدبىقلاشتىن خالىي ھالدا شەكىللىنەلمەيدۇ ھەمدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىم جۇغلاش ۋە ئۇنى تەدبىقلاش ئىقتىدارلىق بولۇشنى ئۈمىد قىلغان ھەربىر كىشىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى بولىدۇ. ئەمما، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولمىسا، ھەر كىم ئۇ بىلىملەرنى جۇغلاش ۋە تەدبىقلاشتا كۈچلۈك بولالمايدۇ ياكى مېڭىۋاتقان يولىدىن ئېزىپ كېتىدۇ. شۇڭا دۇنياغا مەشھۇر پەيلاسوپ گېگېل: «دىئالېكتىكا ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ھەممە ھەرىكەتلەر، ھاياتلىقلار، ئىشلارنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ پرىنسىپىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، دىئالېكتىكا يەنە بىلىم دائىرىسىدە ھەممە ھەقىقىي ئىلمىي بىلىملەرنىڭ جېنىدۇر» ① دېگەن ئىدى. بىلىمگە باش ئۇرىدىغان ۋە دىئالېكتىكىنى بارلىق بىلىملەرنىڭ ئانىسى دەپ قارايدىغان بۇ بۈيۈك ئادەم بۇ سۆز ئارقىلىق دىئالېكتىكىنىڭ بىلىم ئىچىدىكى يادرولۇق ئورنىنى تەكىتلىگەن. ماھىيەتتىن ئالغاندا، دىئالېكتىكىنىڭ ئىقتىدار تەركىبىدىكى مۇھىم رولىنى تەكىتلىگەن.

چۈنكى، ئىقتىدار دېگەن باشقا نەرسە ئەمەس، كۆپلەپ بىلىم جۇغلاش ۋە ئۇ بىلىملەرنى ئىلمىي يوسۇندا پىششىقلاش ۋە ئىجابىي تەدبىقلاشتىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ بارلىق بىلىملىرى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەرەققىي قىلغان. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم خۇددى بارلىق بىلىملەرنىڭ قاپ بېلىنى تېشىپ ئۆتكۈزۈپ قويغان

بىر قىزىل يىپتا ئوخشاش، بارلىق پەننى بى-
لىملەرگە ئۆتۈشكەن بولۇپ، ئۇ بىلىمنىڭ جۇغ-
لىنىشى، پىششىقلىنىشى ۋە تەدبىقلىنىشىدا
ئۇياق - بۇياق قىلىۋېتىدىغان ئاساسلىق يې-
تەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

بىلىم جۇغلاش — بىلىمنى پىششىقلاش ۋە
تەدبىقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇ سەۋەبتىن
ئۇ ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى
قەدىمى. ئومۇمەن، بىلىم جۇغلاشنىڭ مۇھىملى-
قىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، ئەمما، بىلىمنى
ئۈنۈملۈك جۇغلاش، ئۇنىڭ جۇغلىنىشىنى مول
ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش، ئىقتىدارنىڭ تەرەققى-
ياتىغا نەپ بېرىدىغان، ئىختىرا ۋە ئىجاد
قىلىشقا نەپ بېرىدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ-
غا ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى يېتەكچىلىك
قىلىشى شەرت.

نېمىشقا بىز ھەرقانداق مەسىلىنى تەت-
قىق قىلغاندا، «ماتېرىيالىمىزنى تولۇق ئىگى-
لەش»نى تەكىتلەيمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى،
دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدىسى بويى-
چە، تەتقىقات ئوبيېكتى توغرىسىدىكى بارلىق
بىلىملەرنى تەپسىلىي ئىگىلەپ ئالغاندىلا،
ئاندىن ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات
فورماتسىيىلىرىنى تەھلىل قىلغىلى ۋە شۇ ئاساستا
ھەر خىل فورماتسىيەلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىش-
لىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە
قانۇنىيەتلىكلىكىنى بىلىپ ئالالايمىز. نېمىش-
قا گوركى قىزىل ئارمىيىنىڭ كوماندىر - جەڭ-
چىلىرى توغرىسىدا بىر پارچە كىتاب يېزىش
ئۈچۈن «40 پارچە تەرجىمىھال ۋە بىر دۆۋە
باشقا ماتېرىياللارنى كۆرۈش كېرەك»دەيدۇ؟
بۇنىڭمۇ سەۋەبى شۇكى، رېئالىستىك ئىجادى-
يەت ئۇسۇلى بويىچە قارىغاندا، تىپ ئايرىم
كىشىلەر ئۈستىدىكى بىۋاسىتە تەسۋىر ئەمەس،
نۇرغۇنلىغان كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ پەز-
لىتى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى مەركەزلەشتۈرگەندە،
يىغىنچاقلىغاندا ۋە ئۇلارنى تاۋلاپ چىققاندا،
ئاندىن خاسلىق بىلەن ئورتاقلىق ئۆزئارا
بىرلىككە كەلگەن تىپلارنى ئىجاد قىلغىلى
بولىدۇ.

نېمىشقا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر تارىخچىلىرىمىز
بىلىم ئېلىشتا: «بىلىم مول بولۇش، ئەمما
چېكى بولۇش»، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇش، ئەمما
بىرنى ئېزىپ ئىچىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؟
يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق قىلغانلار مول ئىجادىي
قۇدرەتكە ئىگە بولالايدۇ، ئىجادىيىتىدە
مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ؟ چۈنكى، ئۇ دىئا-
لېكتىكىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئەزەلدىن داۋام-
لىشىپ كېلىۋاتقان بىلىم ئېلىپ ئىقتىدارلىق
بولۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ تۈزۈك
ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدىغانلارمۇ بار، بۇنىڭ
سەۋەبى نېمە؟ بۇنداق ئادەملەر دىئالېكتىكى-
نىڭ ئەنە شۇنداق تەلىپىدىن ئايرىلغان. يا
كۆپ بىلىم ئېلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ مە-
لۇم چەكتە توختىمىغان، يا مەخسۇس بىر كە-
سىپنىڭ ماھىرى بولىمەن دەپ باشقا جەھەت-
لەردە بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە دىققەت
قىلمىغان، بۇنىڭ بىلەن بىلىم جۇغلاشنىڭ
ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىپ، ئىقتىدار تەرەققىيا-
تىدا تېز ئۆرلىيەلمىگەن. بۇنداق دېيىلسە،
بەزىلەر: بىر كەسىپنىڭ ئىچىدىمۇ ئايرىملىق
بىلەن بىر پۈتۈنلۈكنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى
بار ئەمەسمۇ؟ دەپ سورۇشى مۇمكىن. بۇ توغرا گەپ.
ئەمما، بىر پۈتۈنلۈككە نىسبەتەن بىلىم كە-
چىل بولسا ياكى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر كەم-
چىل بولسا، بىر كەسىپكىمۇ دېگەندەك چوڭ-
قۇرلاپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئاۋۋال ئو-
مۇمىي دائىرىلىك بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ
ئاساسنى تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر كەسىپكە بۆسۈپ كىرىش كېرەك. مائارىپ تەلىم - تەربىيىسىدە بىلىمگە ۋارىسلىق قىلىش ۋاقتىنى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىبارەت ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قىلىپ بېكىتىشىمىز، ئالدى بىلەن ئەنە شۇ ئىنسانلار تارىخىدىكى بىلىملەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشۇپ چىقىپ، ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن شۇ ئاساستا بىر كەسىپكە، شۇ كەسىپتە ئىجاد قىلىشقا ئۆتۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىدىن بولغان. نۇرغۇن ئالىملار يەنە كەسىپ بىلەن ئۆزىنى چۈشەپ قويماي، پەلسەپە ئۆگىنىشنى ناھايىتى چوڭ مەسىلە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئېينىشتېيىن: «ئەگەر پەلسەپىنى ئەڭ ئومۇمىي ۋە ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى شەكىللەردىن بىلىمگە ئىنتىلىش دەپ چۈشەنسەك، ئۇنداقتا، روشەنكى، پەلسەپە بارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئانىسى دەپ قارىلىدۇ»، دەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئېينىشتېيىن قاتارلىق ئالىملار ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىلىم ۋە پەن تەتقىقاتىدا بولغان يېتەكچىلىك رولىغا ئىنتايىن بەك ئەھمىيەت بەرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، بىلىم جۇغلاشتا ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىلىمنى پىششىقلاش ۋە تەدبىقلاشتىچۇ؟

نۇرغۇن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى قايسى بىلىم ساھەسىدە بولسۇن، توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلى — دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم زادىلا سەل قارىغىلى بولمايدىغان يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. مەيلى قايسى بىر خىل پەن ياكى بىلىمنىڭ كۆرۈنۈشتە دىئالېكتىكىدىن ئايرىلىپ قانچىلىك يىراقلاپ كېتىنىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇنىڭ جىسمىغا سىنچىلاپ قارايدىغان بولساقلا، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا خۇددى نېرۋا شاخچىلىرىنىڭ مەركىزىي تۈگۈنچىسىگە ئوخشايدىغان دىئالېكتىك جانىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بىز بۇنى بىر نەچچە تۈرلۈك پەندە بىلىمنى پىششىقلاش ۋە تەدبىقلاشتا دىئالېكتىكىنىڭ قانداق رول ئويناۋاتقانلىقىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئالايلۇق، ماركس سىياسىي ئىقتىساد ئۇسۇلىدىكى تەتقىقاتتا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ھەل قىلىشتىن، يەنى ئۇسۇلنى تەتقىق قىلىشتىن قول سالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بىرىنچى بىر ئىلمىي بولغان ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشنىڭ ماھىيىتىنى مۇكەممەل چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە كلاسسىك خاراكتېرلىك تەبىر بەرگەن. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ مۇكەممەل دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئىقتىساد تەنقىدىچىلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغانلىقىدا. سىياسىي ئىقتىساد مەيدانىغا كەلگەندىن بۇيانقى پۈتكۈل تارىخمۇ پەلسەپە بىلەن قوراللانغان كاللا بولمىسا، سىياسىي ئىقتىساد ھەققىدە ياخشى بىر ئەسەر يېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. دېمەك، ماركسنىڭ «كاپىتال»نى يېزىپ چىقالىشى، «جاھانگىرلىك توغرىسىدا»نى يېزىپ چىقالىشى ئۇنىڭ ئالدى بىلەن پەيلاسوپ بولغانلىقىدىن، پەلسەپىۋى كاللىنىڭ بولغانلىقىدىن، ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى — دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغانلىقىدىن بولغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

新疆社科论坛

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

تۈزگۈچى : ش ئۇ ئا ر پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» تەھرىر بۆلۈمى.

ئورنى: ئۈرۈمچى بەيئەنلۇ نومۇرى: 46، تېلېفون: 263405، تېلېگرام: 3027

پوچتا نومۇرى: 830001

ئىچكى بېتى: شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى: شىنجاڭ زىننەتلەش زاۋۇتىدا تەييارلاندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇر: CN65—1020/C: (XJ)

باھاسى: 1.50 يۈەن. پوچتا ھەققى: 10 فوڭ